# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 11



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى



مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.



سۈرەتتە يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈش.

# ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئاپتونوم رايوننىڭ يېقىندىن سايلانغان مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ ۋېنيۆ يىغىندا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنى 27 - ئۆكتەبىردىن 28 - ئۆكتەبىرگىچە خەلق سارىيىدا ئېچىلدى. مۇدىر ھامىدىن نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى فېڭزى، شۈيپاڭ، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموۋ، سۇلايمان، ماجيېنگو ۋە باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش نىزامى (لايىھە)» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئەھۋالىدىن دوكلات» ى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى. ئاپتونم رايوننىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش نىزامى قاتارلىق ئىككى نىزام لايىھىسى گۇرۇپپىلاردا قاراپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غوپۇر ئابدۇللا، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



كومىتېت ئەزالىرى مۇناسىۋەتلىك نىزام (لايىھە) نى ئەستايىدىل قاراپ چىقتى.



يىغىنغا سىرتتىن قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىكى ھەر قايسى ئارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى.



كومىتېت ئەزالىرى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى ماقۇللىدى.

# ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## —«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 200 سان چىقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى

يېڭى ئەسىر سىگنالى چېلىنىش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 200 سان چىقىرىلغانلىقىنى خۇشال - خۇرام كۈتۈۋالماقتىمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ مەدەت بەرگەن كەڭ ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەرگە سەمىمىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە دوستانە سالام يوللايمىز.

تونۇگۈن ۋە بۈگۈنگە نەزەر سالساق، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى مەۋجۇت تۈپلىمى خاراكتېرىدىكى ئىچكى ژۇرنالدىن بۈگۈنكىدەك مەزمۇنى مول، مۇقاۋىسى رەڭدار، قىستۇرما سۈرەتلەر كىرىشتۈرۈلىدىغان، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە ئۈچ خىل يېزىقتا چىقىدىغان چوڭ تىپتىكى ئايلىق ژۇرنالغا ئايلاندى. قىسقىسى، ژۇرنىلىمىز 15 يىللىق بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈردى. ژۇرنىلىمىزنىڭ باسقان ھەر بىر قەدىمى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ھەر بىر نەتىجىسىگە بارلىق تەھرىر، ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە قان - تەرى سىڭگەن.

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى 1984 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، دۆلەتنى، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەشۋىقات سۈپىتى ۋە ژۇرنال تىراژىنى مۇقىم ئاشۇرۇپ، ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنى روشەن ھالدا كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتونوم رايوننى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇساپىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى ھەم تەدرىجىي ھالدا روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە نەزەرىيە قىممىتىگە ئىگە ماقالىلىرى بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسى شۇنداقلا تارىخنىڭ تاللىشىدۇر، ئۇ پارتىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىك، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى ۋە شەكلى. دۆلىتىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، كۈنسېرى رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى باشتىن ئاخىر خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى مەقسەت، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى خىزمەتنىڭ جېنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ كەلدى. ئوقۇرمەنلەرنى تاللاشتا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مۇھىم ئوبيېكت قىلدى؛ مەزمۇننى تاللاشتا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتقا دائىر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتە جەمئىيەت بىردەك دىققەت قىلىۋاتقان قىززىق، نازۇك نۇقتىلارنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىشنى ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنى نازارەت قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرگە بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە دەۋر ئاساسىي تېمىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەنىۋى ئوزۇق ئاتا قىلدى؛ بەت لايىھىلەش جەھەتتە يۈرەكلىك ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىنىڭ ئۆزگىچە ئوبرازىنى ياراتتى؛ ماقالە تاللاشتا سۈپەتلىك ماقالىلەرنى ئىشلىتىپ، ژۇرنال سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشتى.

ھەش - پەش دېگۈچە 15 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە تۇرغاندا، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسىدىكى بارلىق يولداشلار كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىرلىكتە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت دەۋر ئېقىمىغا پائال ئاتلىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش يولىدا تېخىمۇ جانلىق ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولغۇسى!

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

1999 - يىل 11 - سان

(ئومۇمىي 200 - سان) (19 - يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى

ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غولام

باش مۇھەررىر: لەن شۆيى

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۈگايلى

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل

**ئوبزور**

ئەتمىز تېخىمۇ گۈزەل ------------------------------------------------------

---------------------- شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى (1)

**يەرلىك تىزىم**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش -

تەكشۈرۈش نىزامى ------------------------------------------------------------ (4)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش - قال-

دۇرۇش چارىسى ------------------------------------------------------------ (9)

**بىلىم كۆزنىكى**

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئو-

قۇشلۇق ------------------------------------------------------------(16)

**ئۆگىنىش**

مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ھۆجەيرىسى

------------------------------------------------ جانىخان ئەلىفشا (تاجىك) (25)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر**

پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سىياسىي يۈكسەكلىككە

كۆتۈرۈپ تونۇش لازىم ------------------------------------ ئابدۇقادىر كېرىم (28)

**قانۇن تەتقىقاتى**

دۆلىتىمىزنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش ۋە

ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەريانى ------------------------------------ قاۋۇل توختى (30)

ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش — جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە

ياخشىلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ------------------------------------ توختىروزى مەتنۇرى (35)

**مۇلاھىزە**

جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO) غا كىرىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ

------------------------------------------------ ئادىلجان ئابلەت (40)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ
ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تىكىستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك
سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1033 / D-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 ـ قورۇ
تېلېفون 2822065 ئارقىلىق 63109

**قانۇنىدىن ساۋات** دەۋالىشىش سورۇكى بىلەن دەۋا قىلىش ۋاقتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟ ---------
---------- مەھەممەتجان غوپۇر (46)
دەۋانى قانداق قىلىش كېرەك؟ ---------------------------- (47)

**تارىختىن سۆز** قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا ----------------
---------- ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار (49)

**تەكشۈرۈش دوكلاتى** قوم دېڭىزىدا ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇۋاتقان دەريابويى يېزىلىق خ ق
ھەيئەت رىياسەتى ---------------.ياسىن ھاشىم (51)

**مەخسۇس خەۋەر** 20 يىلدىن بۇيانقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ---
(52) ------------------------------------------

**خەۋەرلەر** 6 پارچە قىسقا خەۋەر --------------------- (54)

**بىلىۋېلىڭ** توڭلاتقۇ توكىنى تېجەشنىڭ ئۇسۇلى ( قاتارلىق 3 پارچە) ------------- (57)

**تەرمىلەر** «تۆتىنچى خىل ئورمانلىق» نى ئېچىش ( قاتارلىق 6 پارچە) ------------ (59)

**ئەتىرگۈل** ۋەتەن ھەققىدە قوشاقلار ------------------ ئەھمەدجان تاشتۆمۈر (62)
ئىككى شېئىر ---------------------------- باتۇرجان ئاتىخان (63)
ئىككى شېئىر ------------------- تۇرسۇنجان ئابلا تېرىمى (64)

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ــ تەكشۈرۈش نىزامى

(1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

## (9 ــ 12 ـ نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش نىزامى» 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش، قېلىپلاشقان، ئازادە ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى يارىتىش، ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» ۋە ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

**2 ـ ماددا** بۇ نىزام ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىدا كارخانىلار، يەككە تىجارەتچى ئىگىلىك تەشكىلاتلىرى، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى مۇناسىۋىتى ئورناتقان دۆلەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار (تۆۋەندە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار دېيىلىدۇ) ئۈستىدىن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە تەتبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** بۇ نىزامدا ئېيتىلغان ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىدىغان ـ تەكشۈرىدىغان ھەمدە ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**4 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئالاقىدار مەمۇرىي تارماقلىرى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئۆز مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ھەمكارلىشىپ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

**5 ـ ماددا** شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇ-

لۇش بىڭتۇەننىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە بىڭتۇەننىڭ ئەمگەك باشقۇرۇش ئاپپاراتى مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ نازارىتى ۋە يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

6 ـ ماددا ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تەربىيە بېرىش بىلەن جازالاشنى بىرلەشتۈرۈش، مەخسۇس نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش بىلەن ئامما نازارەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش ۋە قانۇنلۇق، ئاشكارا، ئادىل بولۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ.

7 ـ ماددا ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخس ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

## 2 ـ باب مەسئۇلىيەت دائىرىسى

8 ـ ماددا ئاپتونوم رايوندىكى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىدە ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىدۇ:

(1) ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە تۈزىتىدۇ ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

(2) ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرز ـ شىكايەتنى بىر تەرەپ قىلىدۇ؛

(3) قانۇن، نىزاملاردا بەلگىلەنگەن باشقا نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ.

9 ـ ماددا ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خادىملىرى قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشى، خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلانماسلىقى، نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىقى، دېلو ئەھۋالىنى، تەكشۈرۈلگۈچى ئورۇننىڭ سودا مەخپىيىتىنى ۋە ئالاقىدار مەخپىي ماتېرىياللارنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئاشكارىلاپ قويماسلىقى ھەمدە پاش قىلغۇچىنىڭ مەخپىيىتىنى ساقلىشى لازىم.

## 3 ـ باب مەزمۇن ۋە تەرتىپ

10 ـ ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ تۆۋەندىكى ئەھۋاللىرىنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ:

(1) ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئەھۋالى؛

(2) ئەمگەكچى قوبۇل قىلىش (تەكلىپ قىلىش) ئەھۋالى؛

(3) كوللېكتىپ توختام ۋە ئەمگەك توختامىنى تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(4) مائاش بېرىش ئەھۋالى؛

(5) ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە قوبۇل قىلىش (تەكلىپ قىلىش) ئەھۋالى؛

(6) ئىجتىمائىي سۇغۇرتا قانۇن، نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(7) كەسىپ جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە كەسپىي ماھارەتنى باھالاشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛

(8) كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئىجتىمائىي ۋاسىتىچىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىغا رىئايە قىلىش ئەھۋالى؛

(9) قانۇن، نىزاملاردا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بەلگىلەنگەن باشقا مەزمۇنلار.

**11 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى يىللىق تەكشۈرۈش، ئۇدۇللۇق ئارىلاپ تەكشۈرۈش ۋە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ.

**12 - ماددا** ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشتە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇندىن ئەمگەك قانۇن، نىزاملىرىنىڭ ئىجراسىنى ئىگىلىسە، زۆرۈر ماتېرىياللارنى كۆرسە، كۆچۈرۈۋالسا ياكى كۆپەيتسە، ئالاقىدار خادىملاردىن سۈرۈشتە قىلسا ھەمدە ئەمگەك سورۇنلىرىنى تەكشۈرسە بولىدۇ.

**13 - ماددا** ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشتە تۆۋەندىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك:

(1) ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرىدىن ئىككىدىن ئارتۇق كىشى بىرلىكتە ئىشلىشى، رەتلىك كىيىنىشى ھەمدە قانۇن ئىجرا قىلىش كىنىشكىسىنى كۆرسىتىشى لازىم؛

(2) ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش مەزمۇنى، تەلىپى، ئۇسۇلى ۋە قانۇن ئاساسى ئۇقتۇرۇلۇشى كېرەك؛

(3) سۈرۈشتۈرۈش ياكى تەكشۈرۈش خاتىرىسى قانۇن بويىچە تەييارلىنىشى، خاتىرىگە ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خادىملىرى بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان ۋاكالەتچى ئىمزا قويۇشى ياكى تامغا بېسىشى كېرەك؛ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ قانۇنىي ۋەكىلى ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان ۋاكالەتچى ئىمزا قويۇشنى ياكى تامغا بېسىشنى رەت قىلسا، ئۇنىڭ سەۋەبى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

**14 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارماقلىرى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشتە، ئېھتىياجغا قاراپ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا «ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشى» ياكى «ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقى» چۈشۈرسە بولىدۇ.

ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن «ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشى»نى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئون كۈن ئىچىدە ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا يازما جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن «ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقى»نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە تۈزىتىشى ھەمدە تۈزىتىش ئەھۋالىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا يازما دوكلات قىلىشى لازىم.

**15 - ماددا** تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشكە ئائىت دېلولاردىن تەسىرى زور دەپ قارىغانلىرىنى بىر دەرىجە يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىسا بولىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى زۆرۈر دەپ قارىغاندا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشكە ئائىت دېلولارنى بېجىرىشنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا ھاۋالە قىلسا بولىدۇ.

**16 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى قانۇن، نىزاملارغا خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، دېلونى تۇرغۇزغان كۈندىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك؛ ئەھۋال مۇرەككەپ بولغانلىرىنىڭ سۈرۈكىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ، ئەمما ئۇزاق بولغاندا 60 كۈندىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

**17 - ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئۈستىدىن چىقارغان ئېغىرراق مەمۇرىي جازا قارارىنى 15 كۈن ئىچىدە بىر دەرىجە يۇقىرى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىغا ئەنگە ئالدۇرۇشى كېرەك.

يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە نازارەتچىلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تار-

سىقى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ مەمۇرىي جازا قارارىنىڭ نامۇۋاپىقلىقىنى سەزگەندە، قانۇن بويىچە تۈزىتىشى ياكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنى قايتىدىن مەمۇرىي جازا قارارى چىقىرىشقا بۇيرۇشى كېرەك.

## 4 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

18 - ماددا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك توختامىنى بەلگىلىمە بويىچە تۈزمىگەن ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا بىكار قىلغانلىرىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ئاگاھلاندۇرىدۇ، سۆزلۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ. ئەمگەكچىلەرگە زىيان سالغانلار قانۇن بويىچە تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

19 - ماددا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقىنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قوبۇل قىلغان (تەكلىپ قىلغان) لىرىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى سۆزلۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە ياكى رەسمىيەتنى تولۇقلاپ بېجىرىشكە بۇيرۇيدۇ، سۆزلۈك توشقىچە تۈزەتمىسە ياكى رەسمىيەتنى تولۇقلاپ بېجىرمىسە، ئىشلەتكەن ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن 200 يۈەن جەرىمانە قويىدۇ.

20 - ماددا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن يوللۇق سەۋەب يوق تۇرۇپ ئەمگەكچىنىڭ مائاشىنى كېيىنگە سۈرسە ياكى تۇتۇپ قالسا، ئەمگەكچىنىڭ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ھەققىنى بەرمىسە، ئەمگەكچىنىڭ مائاشىنى شۇ جاينىڭ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىدىن تۆۋەن بەرسە، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى سۆزلۈك ئىچىدە، ئەمگەكچىنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىشكە، ئىقتىسادىي تولۇقلىما بېرىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە تۆلەم پۇلى بېرىشكە بۇيرۇسا بولىدۇ؛ سۆزلۈك توشقىچە بەرمىسە، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنغا 500 يۈەندىن يۇقىرى، 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويىدۇ.

21 - ماددا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن قانۇن، نىزاملاردىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلماي، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىغا قاتناشمىسا ياكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرمىسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى سۆزلۈك ئىچىدە قاتنىشىشقا، تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. سۆزلۈك توشقىچە قاتناشمىغان، تاپشۇرمىغانلاردىن كېچىكتۈرگەنلىك پۇلىنى بەلگىلىمە بويىچە قوشۇپ ئالىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى قىلمىشلارغا دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي جازا بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

22 - ماددا ئورۇن، تەشكىلات ياكى شەخسلەر دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ كەسىپ جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە كەسىپ تونۇشتۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز مەيلىچە كەسىپ جەھەتتە تەربىيىلەش ئاپپاراتى ۋە كەسىپ تونۇشتۇرۇش ئاپپاراتى قۇرسا ياكى تەربىيىلەش گۇۋاھنامىسى ۋە كەسىپ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كەلسە-كەلمەس تارقاتسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشنى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، ئورۇن، تەشكىلات ياكى شەخسكە قوشۇمچە 500 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ.

ئالدىنقى تارماقتىكى كەسىپ جەھەتتە تەربىيىلەشكە دائىر ئىشلار ھەققىدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قانۇن، نىزاملىرىدا ئايرىم بەلگىلىمە بولسا، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

23 - ماددا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئەمگەكچىنى ھاقارەتلىگەن، تەن جازاسى بەرگەن، ئۇرغان ياكى جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قانۇنسىز ۋاسىتە بىلەن چەكلەپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالغان بولسا؛ ئەمگەكچى قوبۇل قىلىش، تەربىيىلەش نامى بىلەن ئەمگەكچىنىڭ پۇل-مېلىنى ئالداپ ئېلىۋالغان بولسا، ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ج خ ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ

قىلىشىغا پائال ياردەملىشىشى كېرەك. جىنايەت شەكىللەندۈرگەن جاۋابكارلار قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**24 ـ ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خادىملىرىنىڭ نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە يولسىزلىق بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ، نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلمىغانلىرىنى؛ پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئالغانلىرىنى؛ پاكىتنى يوشۇرغانلىرىنى؛ ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى چۈشۈرگەن ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش بويىچە سۈرۈشتۈرۈش ئۇقتۇرۇشى ياكى سۆرۈك ئىچىدە تۈزىتىش بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغانلىرىنى ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويسا بولىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەن جاۋابكارلار قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**25 ـ ماددا** ئەمگەك مەمۇرىي تارمىقى ۋە ئۇنىڭ ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خادىملىرى تۆۋەندىكى قىلمىشلارنىڭ بىرىنى سادىر قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار مەسئۇل رەھبەر ۋە ئالاقىدار جاۋابكارلارغا قىلمىشىغا قاراپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ؛ مەمۇرىي جازا كۆرىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ:

(1) خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ ياكى خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ، ئەمگەكچىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان بولسا؛

(2) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقان بولسا؛

(3) دېلو ئەھۋالىنى ۋە پاش قىلغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئاشكارىلاپ قويغان بولسا؛


(4) ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ سودا مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولسا.

**26 ـ ماددا** ئەمگەك ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش خادىملىرى ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار قانۇن، نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىپ، جازا كېلىدىغان باشقا قىلمىشلارنى سادىر قىلسا، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە جازالىنىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

**27 ـ ماددا** مەمۇرىي جازا قارارىغا قايىل بولمىغان ئالاقىدارلار قانۇن بويىچە مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ياكى دەۋا قىلسا بولىدۇ؛ ئالاقىدارلار سۆرۈك توشقىچە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىسا، مەمۇرىي دەۋا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارىنىمۇ ئىجرا قىلمىسا، مەمۇرىي جازا قارارى چىقارغان ئورگان خەلق سوت مەھكىمىسىگە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

## 5 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**28 ـ ماددا** بۇ نىزام 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.



# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش چارىسى

(1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئېلانى

(9 ـ 14 ـ نومۇرلۇق)

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش چارىسى» 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى. ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

### 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

1 ـ ماددا بۇ چارە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش هوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىللىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىللىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىللىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سودىيەلەر قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پروكراتورلار قانۇنى» ۋە «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدە خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلدى.

2 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇش، تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشنى قارار قىلىش، مۇۋەققەت ۋەزىپىگە بېكىتىش، تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشنى تەستىقلاش، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى سايلىغان ۋە دائىمىي كومىتېت تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ ئىستېپاسىنى قوبۇل قىلىشتا مۇشۇ چارىنى تەتبىقلايدۇ.

3 ـ ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى تەيىنلەش ـ قالدۇرۇشتا ياخشىلىرىنى ئىشقا قويۇش، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىش پرىنسىپى ۋە كادىرلارنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىك ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش تەلىپىدە چىڭ تۇرىدۇ. قانۇندا

بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئەمەل قىلىدۇ.

## 2 - باب تەيىنلەش - قالدۇرۇش دائىرىسى

**4 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى مەلۇم سەۋەب بىلەن ۋەزىپە ئۆتىيەلمىگەن چاغدا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىنلىرى ئىچىدىن مۇۋەققەت رەئىس، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت باش تەپتىشنى بېكىتىدۇ. مۇئاۋىن ۋەزىپىدە بولمىغانلارنى مۇۋەققەت ۋەزىپىگە بېكىتىش توغرا كەلسە، نامزات كۆرسەتكۈچى ئورگاننىڭ تەكلىپ نامزاتىغا ئاساسەن، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاۋۋال مۇئاۋىن رەئىس، مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، مۇئاۋىن باش تەپتىش قىلىپ بېكىتىپ، ئاندىن مۇۋەققەت رەئىس، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت باش تەپتىشلىككە بېكىتسە بولىدۇ. مۇۋەققەت رەئىس، مۇۋەققەت مەھكىمە باشلىقى، مۇۋەققەت باش تەپتىش خىزمەت ھوقۇقىنى كېيىنكى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى رەئىس، مەھكىمە باشلىقى، باش تەپتىشنى يېڭىدىن سايلاپ چىققىچە يۈرگۈزىدۇ. بېكىتىلگەن مۇۋەققەت باش تەپتىش ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلىدۇ.

**5 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى سالامەتلىكى يار بەرمەي خىزمەت ئىشلىيەلمىسە ياكى ئورنى بوش قالسا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن بىرىنى مۇۋەققەت مۇدىرلىققا كۆرسىتىدۇ، مۇۋەققەت مۇدىر خىزمەتنى مۇدىرنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگىچە ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يېڭى مۇدىر سايلاپ چىققىچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

**6 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئايرىم مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، نازىر، كومىتېت مۇدىرى قاتارلىق ھۆكۈمەت تەركىبىدىكىلەرنى تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

**7 - ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىك (تۆۋەندە بەش ۋىلايەت دېيىلىدۇ) ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە بەش ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شۆبىسى (تۆۋەندە بىڭتۇەن شۆبە مەھكىمىسى دېيىلىدۇ) نىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى (تۆۋەندە بىڭتۇەن ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرى دېيىلىدۇ) نىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

**8 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ۋە شۆبىلىرىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرى ھەم ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان تۈرمە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى (تۆۋەندە بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى دېيىلىدۇ) نىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شۆبىلىرى (تۆۋەندە بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرى دېيىلىدۇ) نىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

**9 - ماددا** ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە بەش ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان ياكى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنىدۇ. تەستىقلانغىچە، ئەسلىدىكى باش تەپتىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋېرىدۇ.

**10 - ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى، ئەزالىرىنى تەيىنلەيدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

**11 - ماددا** مۇدىرلار يىغىنىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئەزالىرى نامزاتىنى ماقۇللايدۇ. ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەر دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر ئىچىدىن كۆرسىتىلىدۇ.

## 3 - باب تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەرتىپى

**12 - ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەيىنلەش - قالدۇرۇشقا، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىشقا، ئىستېپاسىنى تەستىقلىشىغا سۇنۇلىدىغان خادىملار ھەققىدە سۇنغۇچى يازما تەكلىپ قويۇپ، دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلىشتىن 15 كۈن بۇرۇن دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتىغا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە يېزىقتا تاپشۇرىدۇ.

تەيىنلەش، تەيىنلەشنى قارار قىلىش، مۇۋەققەت ۋەزىپىگە بېكىتىش، تەيىنلەشنى تەستىقلاشقا سۇنۇشتا تەيىنلەنگۈچىنىڭ ياكى مۇۋەققەت ۋەزىپىگە قويۇلغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە سىناش ماتېرىيالى قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ قوشۇۋېتىلگەن، كۆپەيتىپ قۇرۇلغان ۋە نامى ئۆزگەرگەن ئاپپاراتلارنىڭ خادىملىرىنى تەيىنلەشكە سۇنۇشتا يۇقىرىنىڭ تەستىق ھۆججىتى قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، قالدۇرۇشنى قارار قىلىش، قالدۇرۇشنى تەستىقلاشقا سۇنۇشتا قالدۇرۇلغۇچىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ۋە قالدۇرۇش سەۋەبى توغرىسىدىكى ماتېرىيال قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىشقا سۇنۇشتا ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچىنىڭ ئالاقىدار ماتېرىيالى قوشۇمچە قىلىنىدۇ؛ ۋەزىپىدىن ئىستېپا بەرگۈچى دائىمىي كومىتېتقا يازما ئىلتىماس سۇنىدۇ؛ ئىستېپانى تەستىقلاشقا سۇنۇشتا ئىستېپا سورىغۇچىنىڭ ئىلتىماسى ۋە تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىستېپانى قوبۇل قىلىش قارارى قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەيىنلەشكە سۇنغان خادىملار سودىيەلەر قانۇنى،

پروكراتورلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن شەرتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك.

13 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى قاراپ چىقىشقا سۇنۇلغان تەيىنلەش – قالدۇرۇش تەكلىپىنى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، مۇدىرلار يىغىنىغا دوكلات قىلىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش – سۇنماسلىقنى قارار قىلىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى زۆرۈر دەپ قارىسا، سۇنغۇچى ياكى سۇنغۇچى ئورگان تەيىنلەنگۈچى، قالدۇرۇلغۇچى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى مۇدىرلار يىغىنىغا تونۇشتۇرسا بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەيىنلەشكە سۇنغان خادىملارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈش داۋامىدا، زۆرۈر تېپىلغاندا ئالاقىدار ئورگانلار بىلەن بىرلىكتە ئەھۋال ئىگىلىسە، ئالاقىدار تارماق ۋە ئاممىدىن پىكىر ئالسا بولىدۇ.

14 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش تەكلىپىنى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى قاراپ چىققاندا، سۇنغۇچى ياكى سۇنغۇچى ھاۋالە قىلغان ئالاقىدار تارماقنىڭ مەسئۇلى يىغىنغا كېلىپ ئەھۋال تونۇشتۇرىدۇ، پىكىرلەرنى ئاڭلايدۇ، سوئاللارغا جاۋاب بېرىدۇ.

15 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ياكى خەلق ئاممىسىنىڭ تەيىنلەشكە كۆرسىتىلگۈچىنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىپ، شىكايەت قىلىپ يازغان ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇۋالغاندا ياكى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر تەيىنلەنگۈچىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىگىلەشكە تېگىشلىك مەسىلە بار دەپ قارىغاندا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بىلەن، سۇنغۇچى ئورگان ياكى سۇنغۇچى دائىمىي كومىتېتقا يازما دوكلات قىلىدۇ؛ ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل ئاپپاراتى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پاش قىلىنغان، شىكايەت قىلىنغان مەسىلىنى ئىگىلەپ يازما دوكلات سۇنغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېتنىڭ كېلەر قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدۇ.

16 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر تەيىنلىنىدىغان، قالدۇرۇلىدىغان ئايرىم نامزاتلار ئۈستىدە بىردەك پىكىرگە كېلەلمىسە، ئاۋازغا قويۇش – قويماسلىقنى مۇدىرلار يىغىنى قارار قىلىدۇ.

ئاۋازغا قويۇشتىن بۇرۇن، سۇنغۇچى ياكى سۇنغۇچى ئورگان كادىرلارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش تەكلىپىنى قايتۇرۇۋېلىشنى يازما ئوتتۇرىغا قويسا، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ بۇ تەكلىپنى قاراپ چىقىشى توختىتىلىدۇ.

17 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى كادىرلارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش تەكلىپى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى ماقۇللىغاندا، ئىمزاسىز بېلەت تاشلاش (ئېلېكترونلۇق ئاۋاز بېرىش ئەسۋابىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، باشقا ئۇسۇل قوللىنىلسىمۇ بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر تەيىنلەش – قالدۇرۇشقا سۇنۇلغان نامزاتقا قوشۇلۇپ ئاۋاز بەرسىمۇ، قارشى ئاۋاز بەرسىمۇ ياكى ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسىمۇ بولىدۇ. تەيىنلەش – قالدۇرۇش تەكلىپى، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپى دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ. ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىنى يىغىن رىياسەتچىسى نەق مەيداندا جاكارلايدۇ.

18 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋە خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكىلەر، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، بەش ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ

باشلىقى ۋە بىگتۈەن شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، بىگتۈەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش بىر - بىرلەپ ئاۋازغا قويۇلىدۇ.

يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ باشقا خادىملىرىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش بىرلەشتۈرۈپ ئاۋازغا قويۇلىدۇ. دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر بىرلەشتۈرۈپ ئاۋازغا قويۇلىدىغان تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپىدىكى ئايرىم نامزاتقا پىكىر بەرسە، شۇ نامزات ئايرىم ئاۋازغا قويۇلسا بولىدۇ.

19 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەيىنلەشنى قارار قىلىشىغا سۇنۇلغان نامزات ماقۇللانمىغاندا، سۇنغۇچى خىزمەت ئېھتىياجى ۋە ئۇنىڭ شەرتىگە قاراپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ كېيىنكى يىغىنىغا داۋاملىق كۆرسەتسە بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ئۇدا ئىككى قېتىم ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانمىغانلارنى شۇ ۋەزىپىگە يەنە نامزات قىلىپ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

20 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يەرلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن خادىملىرىغا تەيىننامە بېرىدۇ. تەيىننامىگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىمزا قويىدۇ.

تۆۋەندىكى خادىملارغا تەيىننامە بېرىلمەيدۇ:

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇۋەققەت رەئىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇۋەققەت باش تەپتىشى، تەيىنلەش تەستىقلانغان ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە بەش ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى.

21 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىمىدىغان، قالدۇرىدىغان ۋە ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدىغان يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ماقۇللىنىشتىن بۇرۇن ۋەزىپىگە ئولتۇرماسلىقى، ۋەزىپىدىن ئايرىلماسلىقى ۋە سىرتقا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

22 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىگەن، قالدۇرغان ياكى ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىغان يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ ئىسملىكى ئاخبارات ۋاسىتىسى ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىدۇ ھەمدە ھۆججەت ئارقىلىق سۇنغۇچى ئورگانغا ئۇقتۇرۇلىدۇ، كۆچۈرۈلمىسى ئالاقىدار ئورگانلارغا ئەۋەتىلىدۇ.

23 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرى، تەيىنلەشنى قارار قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، نازىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، بەش ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى توشقىچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، مۇدىرلار يىغىنى ياكى سۇنغۇچى ئورگان يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى ياكى 2 - يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ تەيىنلىشىگە سۇنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى نۆۋەت ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، دائىمىي كومىتېت تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ باشقا خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسىدە ئۆزگىرىش بولمىسا، قايتىدىن تەيىنلەنمەيدۇ.

24 - ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىگەن، تەيىنلەشنى قارار قىلغان، تەيىنلەشنى تەستىقلىغان يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرى ئۆزى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئورگاننىڭ نامى ئۆزگەرگەن ياكى شۇ ئورگان ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان،

بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندە، ئەسلى ۋەزىپىسىدىن ئۆزلىكىدىن قالىدۇ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىلمەيدۇ، ئۇنى ئەسلى سۇنغۇچى ئورگان دائىمىي كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. نامى ئۆزگەرگەن ياكى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنىنىڭ خادىملىرىنى سۇنغۇچى ئورگان دائىمىي كومىتېتنىڭ قايتىدىن تەيىنلىشىگە سۇنىدۇ.

25 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ خىزمىتىدە ئۆزگىرىش بولغان ياكى ۋەزىپە ئۆتەش يېشى توشۇپ قالغاندا، سۇنغۇچى ئورگاننىڭ تەكلىپى بىلەن دائىمىي كومىتېت ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، ۋەزىپىدىن ئايرىلىش ياكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ. ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە ۋاپات بولغانلارنى ئەسلى تەيىنلەشكە سۇنغان ئورگان دائىمىي كومىتېتقا ۋاقتىدا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

26 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەك. ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقىچە، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا يۆتكىمەسلىك كېرەك. خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئايرىملىرىنى تەڭشەشكە توغرا كەلگەندە، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك.

## 4 – باب ئىستېپا سوراش، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش

27 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى دائىمىي كومىتېتتىن ئىستېپا سورىسا بولىدۇ، ئىستېپانى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقنى دائىمىي كومىتېت يىغىنى قارار قىلىدۇ. دائىمىي كومىتېت ئىستېپانى قوبۇل قىلىشنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىغا ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ ئىستېپاسى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى ئارقىلىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە بەش ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى باش تەپتىشىنىڭ ئىستېپاسىنى تەستىقلايدۇ.

28 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەر دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى، سوت ئورگىنى ۋە تەپتىش ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتىسە بولمايدۇ؛ ئەگەر يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئۆتىسە، دائىمىي كومىتېتقا دائىمىي كومىتېتتىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشى شەرت.

29 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايون رەئىسىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئايرىم مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، نازىر، كومىتېت مۇدىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

30 – ماددا مۇدىرلار يىغىنىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، بەش ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ بەش ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت

ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ بىڭتۇەن شۆبە سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى؛ بىڭتۇەن ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سوتچىلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى باشلىقىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە بەش ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ باشلىقىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تەستىقلايدۇ.

31 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى تەسىس قىلغان تۈرمە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى؛ بىڭتۇەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى شۆبىلىرىنىڭ باش تەپتىشى، مۇئاۋىن باش تەپتىشلىرى، تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى، تەپتىشلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى باش تەپتىشىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك ۋە بەش ۋىلايەتكە قاراشلىق ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ باش تەپتىشىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشنى تەستىقلايدۇ.

32 – ماددا مۇدىرلار يىغىنىنىڭ سۇنۇشى بىلەن، دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپىنى، خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلىدۇ.

33 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەردىن بەشتىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، دائىمىي كومىتېت تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش تەكلىپىنى بەرسە بولىدۇ، بۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش – سۇنماسلىقنى مۇدىرلار يىغىنى قارار قىلىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلغان بولسا، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچى يىغىنغا كېلىپ ياكى يازما پىكىر بەرسە بولىدۇ؛ مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنماسلىقنى قارار قىلغان بولسا، تەكلىپ بەرگۈچىلەرگە ئىزاھات بېرىدۇ.

34 – ماددا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەيىنلىگەن يەرلىك دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىدىن مەمۇرىي چارە كۆرۈلگەنلىرىنى چارە كۆرگۈچى ئورگان دائىمىي كومىتېتقا ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

## 5 – باب قوشۇمچە پرىنسىپ

35 – ماددا بۇ چارىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چۈشەندۈرىدۇ.

36 – ماددا بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش ۋە نىزام، قارار ماقۇللاش چارىسى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنى تەيىنلەش – قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىكار قىلىنىدۇ.

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

## خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئاساسلىق خىزمەتلىرى توغرىسىدا

(2)

### 1. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى قايسىلار؟

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش. ئاساسىي قانۇن دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنى بولۇپ، ئالىي قانۇنىي كۈچكە ئىگە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىلا ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە. مەيلى ئاساسىي قانۇنغا ئومۇميۈزلۈك تۈزىتىش كىرگۈزۈلسۇن ياكى ئايرىم ماددىلىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلسۇن، چوقۇم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپرەكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ. باشقا ھەرقانداق دۆلەت ئورگىنى، پارتىيە ۋە تەشكىلاتنىڭ بۇنداق ھوقۇقى يوق. ئاساسىي قانۇننىڭ ئىززەت ھۆرمىتىنى قوغداش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق دۆلەت ئورگانلىرى، قوراللىق كۈچلەر، پارتىيىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلارنىڭ بىردەك ئاساسىي قانۇنغا ئەستايىدىل رىئايە قىلىشى ھەمدە ئاساسىي قانۇننى تۈپ ھەرىكەت نىزامى قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ئاساسىي قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن.

(2) دۆلەتنىڭ تۈپ قانۇنلىرىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش. ئاساسىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ، دۆلەت ئاپپاراتى ۋە باشقا ئىشلارغا دائىر ئاساسلىق قانۇنلارنى تۈزىدۇ ۋە ئۇلارغا تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان سايلام قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، گوۋۇيۈەننىڭ تەشكىلىي قانۇنى، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇن، ۋەكىللەر قانۇنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ نېگىزلىك قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى، مەمۇرىي دەۋا قانۇنى، مائارىپ قانۇنى، دۆلەت مۇداپىئە قانۇنى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى، خام چوت قانۇنى، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى، جۇڭگو چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلار ۋە چەت ئەل كارخانىلىرى تاپاۋەت بېجى قانۇنى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قانۇنى، ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر كېبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ھەممىسىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن.

(3) دۆلەت ئاپپاراتلىرى تەركىبىدىكى خادىملارنى سايلاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش قالدۇرۇش. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۆۋەندىكى خادىملارنى سايلايدۇ، ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، قالدۇرىدۇ:

(1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، باش كاتىپى، ئەزالىرىنى سايلايدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

(2) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلايدۇ ۋە قالدۇرىدۇ.

(3) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ نامزاتىنى بېكىتىدۇ. گوۋۇيۈەن زۇڭلىسىنىڭ كۆرسىتىشىگە ئاساسەن، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارلىرى، مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، باش مۇپەتتىش ۋە باش كاتىپنىڭ نامزاتلىرىنى بېكىتىدۇ. شۇنىڭدەك يۇقىرىقى خادىملارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

(4) مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسىنى سايلايدۇ. مەركىزىي ھەربىي كومىتېت رەئىسىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت تەركىبىگە كىرىدىغان باشقا خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ، شۇنىڭدەك خادىملارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

(5) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلايدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ.

(6) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ۋە ئەزالىرىنىڭ نامزاتىنى بېكىتىدۇ. شۇنداقلا يۇقىرىقى خادىملارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملارنى كۆرسىتىش تەرتىپى پەرقلىق بولىدۇ، يەنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلايدىغان شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ نامزاتىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى كۆرسىتىدۇ، ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكى مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، ھەيئەت رىياسىتى كۆپ قىسىم ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن رەسمىي نامزاتنى بېكىتىدۇ. ئاندىن چوڭ يىغىندا بارلىق ۋەكىللەرنىڭ يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بويىچە سايلىشىغا تاپشۇرىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى سايلايدىغان شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ نامزاتى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى نامزاتىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى ياكى ۋەكىللەر قانۇن بويىچە بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزات سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولسا، قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى نامزاتلار تىزىملىكىنى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويىدۇ. مۇزاكىرىدىن كېيىن سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كۆرسىتىلگەن نامزاتلار سانى سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتسە، ھەيئەت رىياسىتى بارلىق نامزات تىزىملىكىنى ۋەكىللەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، مۇزاكىرىدىن كېيىن تەييارلىق سايلىمى ئېلىپ بارىدۇ. سايلامدا ئېرىشكەن ئاۋازنىڭ ئاز - كۆپلۈك تەرتىپى بويىچە سايلام چارىسىدە بەلگىلەنگەن پەرقلىق سان ئۆلچىمىگە ئاساسەن، رەسمىي نامزات تىزىملىكىنى بېكىتىپ يىغىنغا قويىدۇ. بارلىق ۋەكىللەر يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بويىچە سايلايدۇ.

(4) دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى قارار قىلىش. بۇ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەمدە پىلاننىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋە تەستىقلاش، دۆلەت خام چوتى ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋە تەستىقلاش، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر قۇرۇشنى تەستىقلاش، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تەسىس قىلىش ۋە ئۇنىڭ تۈزۈملىرىنى قارار قىلىش، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرىنى قارار قىلىش، ھەر خىل ھوقۇق بېرىش توغرىسىدا قارار چىقىرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، شىياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مە-

مۇرىي رايوننى تەسىس قىلىش، خەينەن ئۆلكىسىنى ئىقتىسادىي ئالاھىدە مەمۇرىي رايون قىلىپ قۇرۇش، چۇڭچىڭنى بىۋاستە قاراشلىق شەھەر قىلىپ قۇرۇش ھەمدە چاڭجياڭ سەنشيا قۇرۇلۇشىنى قارار قىلىش قىلتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قاراپ چىقىپ تەستىقلىغان. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يەنە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەنگە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش جەھەتلەردە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە بېلكى نىزام تۈزسە بولىدۇ، دەپ ھوقۇق بەرگەن.

(5) دۆلەت ئورگانلىرىنى نازارەت قىلىش. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي نازارەتچىلىك ھوقۇقى شەكلىدۇر. ئاساسىي قانۇندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، نازارەت قىلىشنىڭ ئاساسلىق شەكلى — مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى گوۋۇيۈەن، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، قانۇنلاردا يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى ياكى 30 دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ گوۋۇيۈەن ياكى گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىك ۋە كومىتېتلىرى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە يازما سۈرۈشتۈرمە قويۇشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەنگەن. سۈرۈشتۈرمە قويۇش بىر خىل قاتتىق نازارەت شەكلى بولۇپ، ئادەتتە بۇ خىل شەكىل ئىنتايىن ئاز قوللىنىلىدۇ.

**2. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسلىق ھوقۇقى قايسىلار؟**

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دۆلەتنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدۇر. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ مۇنداق تۆت ئاساسلىق ھوقۇقى بار:

(1) يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈش ۋە ئېلان قىلىش (ئادەتتە بۇ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى دېيىلىدۇ). ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك قۇرۇلتايلىرى شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە مەمۇرىي قانۇن- نىزاملارغا زىت كەلتۈرمەسلىك شەرتى ئاستىدا، يەرلىك نىزام تۈزۈپ ئېلان قىلسا بولىدۇ. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جايلاشقان شەھەرلەر ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان چوڭراق شەھەرلەردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ شەھەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە مەمۇرىي نىزاملارغا شۇنىڭدەك شۇ ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزاملىرىغا زىت كەلتۈرمەسلىك شەرتى ئاستىدا يەرلىك نىزام تۈزۈپ، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويسا بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى شۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە

نىزاملىرى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يەرلىك نىزاملار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى كېرەك.

(2) ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە قارار قىلىش (ئادەتتە چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقى دېيىلىدۇ). بۇ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، خام چوت ھەمدە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىقىش ۋە تەستىقلاش، ئۆز مەمۇرىي رايونى دائىرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مائارىپ، پەن تېخنىكا، سەھىيە، مۇھىت ئاسراش ۋە باشقا بايلىقلارنى قوغداش، خەلق ئىشلىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەردىكى مۇھىم ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش، قارار قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىش (ئادەتتە نازارەت قىلىش ھوقۇقى دېيىلىدۇ). بۇ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋە مەخسۇس دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش؛ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نامۇۋاپىق قارارى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامۇۋاپىق قارار، بۇيرۇقلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە مەمۇرىي نىزاملار ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىنىڭ شۇ مەمۇرىي رايوندا ئىجرا قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئالاقىدار ئىجرالاشتۇرۇلۇشىغا نازارەت قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنى سايلاش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش (ئادەتتە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى دېيىلىدۇ). شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى سايلايدۇ. شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش رەھبىرى، مۇئاۋىن رەھبەرلىرىنى سايلايدۇ. شۇ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلايدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلايدۇ ھەمدە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلغان يۇقىرىقى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا ھوقۇقلۇق. خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا، ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك.

**3. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلەمدۇ؟**

ئاساسىي قانۇننىڭ 61 ـ ماددىسىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يىغىننى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چاقىرىدۇ. ئەگەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى زۆرۈر دەپ قارىسا ياكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بەشتىن بىرىدىن كۆپرەكى تەكلىپ بەرسە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنىنى قەرەلسىز چاقىرىشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 11 ـ ماددىسىدا: «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ھەر يىلى كەم دېگەندە بىر قېتىم ئېچىلىدۇ. بەشتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىل تەكلىپ بەرسە، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى قەرەلسىز چاقىرىشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى يىلدا ئاز دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ يىغىننى بىر قېتىممۇ چاقىرماسلىققا بولمايدۇ. ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالسا ياكى بەشتىن بىر قىسمىدىن ئارتۇق ۋەكىل تەكلىپ بەرسە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى قەرەلسىز چاقىرىشقا بولىدۇ. نۆۋەتتە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ئادەتتە يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق

خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ئادەتتە يىلدا 2 ـ 3 قېتىم يىغىن چاقىرىلىدۇ.

**4. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قانداق تەييارلىق كۆرۈلىدۇ. ئۇ قانداق چاقىرىلىدۇ؟**

قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى چاقىرىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى مەسئۇل بولۇپ چاقىرىدۇ.

ھازىر ئەمەلىي قوللىنىلىۋاتقان خىزمەت ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، ھەر قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلىشتىن ئىككى، ئۈچ ئاي ئىلگىرى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەمدە ئالاقىدار خىزمەت ئورگانلىرى قۇرۇلتاي ئېچىشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى باشلايدۇ. مەسىلەن، يىغىن ئېچىلىش ۋاقتى، يىغىن قارارىنىڭ لايىھىسى، ۋەكىللەر تۇرىدىغان جاي، قاتناش ھەمدە يىغىنغا ئالاقىدار باشقا خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. يىغىن ئېچىلىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئېچىلىش ۋاقتى، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپ قىلىنىدىغان مۇھىم ئىشلار، يىغىن ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپلىرىنىڭ تىزىملىكى لايىھىسى، يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلار تىزىملىكى قاتارلىق ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا قارار چىقىرىدۇ ھەمدە يىغىن ئېچىلىش ۋاقتى، يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپ قىلىنىدىغان مۇھىم ئىشلار ۋە يىغىنغا قاتنىشىشقا دائىر باشقا كونكرېت ئىشلار توغرىسىدا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىگە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشقا ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە قولايلىق يارىتىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ گەرچە سانى ئاز، خىزمەت ئورنى ۋە تۇرۇشلۇق جايى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ۋە ئۇنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى چاقىرىش تەرتىپى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرىمۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى چاقىرىش خىزمەت تەرتىپى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە چوڭ جەھەتتە ئوخشايدۇ، ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى تەلەپ بويىچە ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى چاقىرىلىشتىن بۇرۇن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەييارلىق يىغىن چاقىرىپ قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپلىرىنى سايلايدۇ. شۇ قېتىملىق يىغىننىڭ قارارىنى ۋە باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى قارار قىلىدۇ، تەييارلىق يىغىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپنى سايلاپ چىققاندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى چاقىرىش جەھەتتىكى تەييارلىقلىرى ۋە يىغىننى چاقىرىش خىزمىتى تاماملانغان بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، يىغىن قارارلىرى بويىچە يىغىن ئېچىپ قارارلارنى چىقىرىدۇ، ئىشلارنى قارار قىلىدۇ. يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىدا دائىمىي ئورگان تەسىس قىلىنمىغانلىقتىن، قۇرۇلتاي يىغىنىنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك ھەيئەت رىياسەت چاقىرىدۇ. يېڭى ھەيئەت رىياسىتى سايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، شۇ قېتىملىق يىغىنغا يېڭى ھەيئەت رىياسىتى رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

**5. ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسە بولامدۇ؟**

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 22 ـ ماددىسىدا: ۋەكىللەر قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قەرەلسىز يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىش توغرۇلۇق تەكلىپ بېرىش تەرتىپى ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان. ئاساسىي قانۇننىڭ 16 ـ ماددىسىدا: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ بەشتىن بىرىدىن كۆپرەكى تەكلىپ بەرسە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى قەرەلسىز چاقىرىشقا

بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 11 ـ ماددىسىدا بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەك ۋەكىل تەكلىپ بەرسە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى قەرەلسىز چاقىرىشقا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ۋەكىللەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى چاقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىشى ۋەكىللەرنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم ھوقۇقى شۇنداقلا جىددىي ھەم چوڭ ئىش. شۇڭا، ۋەكىللەر بۇ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

(1) ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندە چوقۇم قارىلىدىغان ئىشلارنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يىلدا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. دۆلەت ياكى يەرلىكنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئادەتتە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قەرەللىك يىغىنلىرىدا قاراپ چىقىلىدۇ ھەمدە مۇناسىپ قارار، بېكىتمە چىقىرىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ئاساسەن قەرەلسىز چاقىرىلمايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئەگەر ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى چاقىرىپ مەلۇم بىر جىددىي ياكى ناھايىتى مۇھىم مەسىلىنى قاراپ چىقىش ھەم مۇناسىپ قارار چىقىرىشنى زۆرۈر تاپسا، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسە بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى قەرەلسىز ئېچىش تەسىرى چوڭ ھەم ئىنتايىن جىددىي بولغان چوڭ ئىش. شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ۋەكىللەردىن يىغىن چاقىرىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەندە سەۋەبىنى تولۇق، ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

(2) شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىش قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. يەنى تەكلىپ بەرگەن ۋەكىل سانى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەكىل سانىنىڭ بەشتىن بىرىدىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

(3) ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندىن كېيىن، تەكلىپ بەرگەن ۋەكىللەر يىغىننى ئۆز ئالدىغا ئاچسا بولمايدۇ. قۇرۇلتاي يىغىنىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى ھەيئەت رىياسەت چاقىرىدۇ.

**6. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىن ئېچىلىش ۋاقتى ۋە يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىش تەكلىپ قىلىنغان مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قايسى خىزمەتلەرنى ئىشلىشى كېرەك؟**

ئالاقىدار قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈشتىن بىر ئاي ئىلگىرى يىغىن ئېچىلىش ۋاقتى ۋە يىغىندا مۇلاھىزە قىلىش تەكلىپ قىلىنغان مۇھىم ئىشلارنى ۋەكىللەرگە ئۇقتۇرۇشى كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىن ئېچىلىش ۋاقتى ۋە يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپ قىلىنغان مۇھىم ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يىغىنغا قاتنىشىشقا ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

(1) يىغىندا مۇزاكىرە قىلىش تەكلىپ قىلىنغان مۇھىم ئىشلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تەييارلىشى ھەمدە مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارنى ياكى ئەسلى سايلام ئورنى ۋە خەلق ئاممىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە ئىنكاسىنى ئىگىلەپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە تېخىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەتنىڭ ۋە شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قاراپ چىقىش ۋە قارار قىلىشقا قاتنىشىشى كېرەك.

(2) كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىگە ئاساسەن، يىغىن جەريانىدا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇ-

رۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەر توغرىسىدا تەكلىپ، تەنقىد ۋە پىكىرلەرنى بېرىشكە تەييارلىق قىلىشى لازىم.

3) ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئېچىلىش ۋاقتىغا ئاساسەن، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەمدە ئۆز ئورنىدىكى رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

(4) ئۇقتۇرۇشتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپكە ئاساسەن، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى ئەسلى سايلام ئورنىدىكى ۋەكىللەر خىزمىتى ئاپپاراتىغا پىكرىنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشى، ئەگەر ۋەكىللەر ياشىنىپ قالغان، كېسەل بولۇپ قالغان، ھەرىكەت قىلىشى ئېپسىز ياكى باشقا ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالغانلىقتىن ئېتىبار بېرىشكە توغرا كەلسە، يازما ئىلتىماس سۇنۇشى كېرەك. ئەگەر ۋەكىللەر مەلۇم سەۋەب تۈپەيلىدىن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشالمىسا، بەلگىلىمە بويىچە رۇخسەت سورىشى كېرەك.

**7. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىشتىكى بېرىپ - كېلىشكە كېتىدىغان يول كىراسى قانداق ھەل قىلىنىدۇ؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 42 - ماددىسىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتناشقاندا ۋە ۋەكىللەرگە خاس باشقا ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەندە، دۆلەت ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، ئۇلارغا لايىقىدا قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ ۋە ماددىي جەھەتتىن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 36 - ماددىسىدا: «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتناشقاندا ۋە ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندە، دۆلەت ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ بېرىپ - كېلىش كىرا ھەققى بېرىدۇ ۋە زۆرۈر بولغان ماددىي قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ ياكى قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىشقا سەرپ قىلغان يول خىراجىتى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاتچوت قىلىنىدۇ. نۆۋەتتە، جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا سەرپ قىلغان يول خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدىن ياكى تۇرۇشلۇق جايىدىن بىۋاستە بېيجىڭغا بېرىپ، يىغىنغا قاتنىشىشقا كەتكەن يول خىراجىتىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن كاتىبات باشقارمىسى ئاتچوت قىلىپ بېرىدۇ. ۋەكىللەر خىزمەت ئورنىدىن ياكى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايىدىن ئۆلكە مەركىزىگە ياكى ئاپتونوم رايون مەركىزىگە بېرىپ يىغىلىپ، ئاندىن كوللېكتىپ ھالدا بېيجىڭغا بېرىپ يىغىنغا قاتناشقان بولسا، كوللېكتىپ بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن كەتكەن يول خىراجىتىنى قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسى ئاتچوت قىلىپ بېرىدۇ، ئۆلكە مەركىزى ياكى ئاپتونوم رايون مەركىزىگە يىغىلىش ئۈچۈن كەتكەن يول خىراجىتىنى ئەسلى سايلام رايونى ئاتچوت قىلىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىشقا سەرپ قىلغان يول خىراجىتىنى دۆلەت ئاتچوت قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇقىم ئىش ھەققى يوق ۋەكىللەرنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشقا كەتكەن يول خىراجىتىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى كاتىبات باشقارمىسى ئاتچوت قىلىدۇ. باشقا ۋەكىللەرنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشقا كەتكەن يول خىراجىتىنى ئەسلى سايلام رايونى ياكى ۋەكىل خىزمەت قىلىدىغان ئورۇن ئاتچوت قىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، يىغىنغا قاتنىشىشقا كەتكەن يول خىراجىتىنى ئاتچوت قىلدۇرسا بولىدۇ.

**8. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا سەۋەبلىك قاتنىشالمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟**

ۋەكىللەر قانۇندا ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىپ، ۋەكىللىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قاراش قائىدىسىدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغاندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىنغا چوقۇم قاتنىشىشى، كېسەل ياكى باشقا ئالاھىدە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىغىنغا قاتنىشالمىسا، چوقۇم

رۇخسەت سورىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدا دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت ھوقۇقىنى مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يىغىنلىرىنى ئېچىپ تۇرۇش دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم شەكلى. دۆلەت ۋە يەرلىكنىڭ مۇھىم سىياسەتلىرىنى بەلگىلەش، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇل خادىملىرىنى سايلاش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يىغىنغا قاتناشقان خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەستايىدىل قاراپ چىققىنىدىن ئۆتىدۇ ھەمدە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا قانۇندا بەلگىلەنگەن ئاۋاز سانى بىلەن ماقۇللىنىدۇ ۋە قارار قىلىنىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ يىغىن داۋامىدا سۆزلىشى، ئاۋاز بېرىشى ۋە بېلەت تاشلىشى پۈتۈنلەي خەلقنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، خەلققە ۋەكىللىك قىلىپ دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىش. ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇشتەك دېموكراتىك ھوقۇقنى يۈرگۈزگەنلىكتۇر. ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا سەۋەبسىز قاتناشماسلىقى، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغانلىق، ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلىق بولىدۇ. شۇڭا، ۋەكىللەر قانۇنىدا ۋەكىللەر تەستىقلاتماي تۇرۇپ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا ئىككى قېتىم قاتناشمىسا ۋەكىللىك سالاھىيىتى توختىتىلىدۇ، ۋەكىللەر خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا مەلۇم سەۋەب بىلەن قاتنىشالمىسا، چوقۇم رۇخسەت سورىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەردە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالغا دىققەت قىلىش كېرەك.

(1) ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سالامەتلىك ياكى باشقا سەۋەبلەردىن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشالمايدىغان بولسا، تېزدىن شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى كاتىبات باشقارمىسىغا ياكى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ياكى ئەسلى سايلام ئورنىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ مەسئۇلىغا رۇخسەت سوراش دوكلاتى يېزىپ سۇنۇشى لازىم. رۇخسەت سوراش دوكلاتى تەستىقلانغاندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتناشمىسا بولىدۇ.

(2) خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەر ئەگەر جىددىي ياكى ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن رۇخسەت سورىماقچى بولسا، رۇخسەت سوراش دوكلاتى يېزىپ، ئۆمەك مەسئۇلىغا ئىمزا قويدۇرۇپ، قۇرۇلتاي كاتىبات باشقارمىسىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلسا بولىدۇ.

**9. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى قانداق تەشكىل قىلىنىدۇ؟**

خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىدىغان چاغدا، مەمۇرىي رايون ياكى سايلام ئورنىغا ئاساسەن تەشكىللەنگەن ۋاقىتلىق تەشكىلاتتۇر.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلام ئورنىغا ئاساسەن ۋەكىللەر ئۆمىكى قىلىپ تەشكىل قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. يەنى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى ئاپتونوم رايون، ئۆلكە، شەھەر، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، ئالاھىدە مەمۇرىي رايون ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى بىرلىك قىلغان ھالدا تەشكىل قىلىنىدۇ. 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا جەمئىي 32 ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغان. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا جۇڭچىڭ شەھىرى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 34 ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىنغان. ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر مۇستەقىل ۋەكىللەر ئۆمىكى سۈپىتىدە 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

ناھىيە ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىن ئۆتكۈزگەندە، مەمۇرىي رايون ياكى سايلام رايونى بويىچە ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىدۇ.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تۆت ئاساسلىق ۋەزىپىسى بار: بىرىنچى، قۇرۇلتاي يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇن مەركەزلىك ھالدا تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقىنى سايلايدۇ. ھەيئەت رىياسىتى ۋە باش كاتىپ تىزىملىكى لايىھىسى، يىغىن كۈنتەرتىپى لايىھىسى ھەمدە يىغىنغا ئالاقىدار باشقا تەييارلىق

ئىشلىرىنى قاراپ چىقىدۇ، پىكىر بېرىدۇ. ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى داۋامىدا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ھۆكۈمەت خىزمەت دوكلاتى، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەمدە پىلاننىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلات، خام چوت ۋە خام چوتنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلات، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن باشقا تەكلىپ لايىھەلىرىنى قاراپ چىقىدۇ. ئۈچىنچى، ھەيئەت رىياسىتى ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملار ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىنىڭ نامزاتىنى مۇزاكىرە قىلىپ، پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۆتىنچى، ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەكىتىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يىغىن داۋامىدا ۋەكىللەر ئۆمىكى نامىدىن قۇرۇلتاي يىغىنىغا تەكلىپ لايىھە، سورۇشتۇرمە، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش لايىھىسى، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىللەش توغرىسىدا تەكلىپ قويالايدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكى يىغىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ۋە دوكلاتلىرىنى قاراپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق شەكلى بولۇپ، ئادەتتە ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ۋە گۇرۇپپا يىغىنى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئادەم سانى ئاز بولغان ۋەكىللەر ئۆمىكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنمەي ئۆمەك بويىچە ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئۆتكۈزسە بولىدۇ.

**10. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىنىڭ سايلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى چوقۇم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇشى كېرەك. ۋەكىللەر ئۆمىكى ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلىش ئۆمەك باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ئۆمەك باشلىقىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىرى يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ھەيئەت رىياسەتنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، ھەيئەت رىياسەتنىڭ قارارى ۋە پىكرىنى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە يەتكۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. ھەيئەت رىياسىتى يىغىنى ياكى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ۋاكالىتەن، يىغىن قاراپ چىقىدىغان تەكلىپ لايىھىسى ۋە دوكلاتلارغا قارىتا پىكىر بايان قىلىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىن ئۆتكۈزگەندە، ۋەكىللەر ئۆمىكى مەمۇرىي رايون ياكى سايلام ئورنىغا ئاساسەن تەشكىل قىلىنىدۇ. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈش چارىسى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى جەھەتتە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى ۋە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

**11. ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى قانداق ئايرىلىدۇ؟ گۇرۇپپىنىڭ يىغىن چاقىرغۇچىسى قانداق بارلىققا كېلىدۇ؟**

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدە ۋەكىللەر ئۆمىكى بىر قانچە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلسا بولىدۇ. ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى يىغىن چاقىرغۇچىسىنى سايلاپ چىقىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھەر قايسى ۋەكىللەر ئۆمىكىدە بىر قانچە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىش ۋەكىللەرنىڭ تۈرلۈك تەكلىپ لايىھەلىرى ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى تولۇق بايان قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئۆلكە دائىرىسىدىكى ۋىلايەتلەر بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپىدا 10 دىن 30 غىچە ۋەكىل بولىدۇ. ۋەكىل سانى ئاز بولغان ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلمايدۇ.

گۇرۇپپا يىغىنى ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈرلۈك تەكلىپ لايىھەلىرىنى قاراپ چىقىدىغان بىر خىل يىغىن شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭغا گۇرۇپپا چاقىرغۇچىلىرى نۆۋەتلىشىپ رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يىغىن ئاچقاندا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئۇسۇلىدىن پايدىلانسا، ۋەكىللەر ئۆمىكىدە بىر قانچە ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، گۇرۇپپا چاقىرغۇچىسىنى سايلاپ چىقسا، چاقىرغۇچىلار ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى يىغىنىنى چاقىرسا ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلسا بولىدۇ. (داۋامى بار)

# مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ھۇجەيرىسى

جانىخان ئەلنفشا (تاجىك)

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان شانلىق 20 يىل جەريانىدا پۈتۈن جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، كۈرەش قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى يادرو قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئورتاق قاتنىشىپ، جاپا-مۇشەققەتلەرنى ئورتاق يېڭىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېگىلمەس-سۇنماس روھى بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزىنىڭ جۇشقۇن مىللىي روھىنى، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، مۇستەھكەم سوتسىيالىزم ئېتىقاد ۋە ئالىيجاناپ كوممۇنىستىك غايىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەردى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شەرقى قىسمىغا جايلاشقان بۇ بەرىكەتلىك زېمىننىڭ ئەمگەكچان، باتۇر، ئەقىللىق ھەر مىللەت ئوغۇل-قىزلىرى، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، قان-تەرى، كۈچ قۇۋۋىتى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى زور كۈچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى بالداقمۇبالداق ئالغا سىلجىتىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ دىققەت-نەزىرىنى جەلپ قىلىدىغان غايەت زور مۆجىزىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ تىنچ، خاتىرجەم، ئورتاق بېيىش يولىنى كەڭ ئېچىپ، جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ قۇدرىتىنى، شان-شۆھرىتىنى، ھاياتىي كۈچىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇتتى.

رېئاللىققا نەزەر سالساق، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلىرى تېخىمۇ گۈزەل، قۇدرەتلىك، بەختلىك، تىنچ، زامانىۋى يېڭى جۇڭگونىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا تەلپۈنىدۇ. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتمۇ مۇقىملىقتىن ئايرىلمايدۇ. بىز ھازىر ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى دەۋرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرماقتىمىز.

ئېنىقكى، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان-ئېسەن بولۇشى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى، تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى مۇقىم مۇھىتقا مۇھتاج. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتى، كەلگۈسى زامانىۋى تەرەققىياتىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىمۇ مۇقىملىق ئىچىدە قەد كۆتۈرىدۇ، گۈللەپ ياشنايدۇ، ئالغا باسىدۇ، تاكامۇللىشىدۇ.

شۇڭا بىز ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ئادىل بىر تەرەپ قىلىش، دۆلەت، مىللەت ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مەڭگۈ ئامانلىق تەقدىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قانچە خىزمەتلەرنى ئەمەلىي، ساغلام، ياخشى تۇتۇپ ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(1) ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش تەربىيىسىنى پۇختا، زور كۈچ بىلەن ئۇزاق مۇددەتكىچە قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش تەربىيىسىنى سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى كادىرلار قوشۇنى ۋە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتىن پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئىدىيىنى

بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىينەزەرنى پۇختا ئىگىلەپ، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك سوتسىيالىزمچە يېڭى ئىستىل تۇرغۇزۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ۋە قول سېلىپ ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە گۈزەل، مەدەنىي، يېڭى كەيپىيات يارىتىپ، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، توغرا دۇنيا قاراش، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قاراش ۋە قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەخلاقلىق، قابىلىيەتلىك، بىرگە قادىر، كۆپكە ماھىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يارامىلىق قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، كوللېكتىۋىزملىق ئىدىيە، سوتسىيالىستىك ئېتىقاد، مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىمىزنى چېنىقتۇرۇشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

(2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىق ئۇلۇغ تۇغىنى مەڭگۈ نۇرلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئارا قوش تىل ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش يولىنى كەڭ ئېچىپ، مىللەتلەرنى بىر - بىرىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، بۆگۈنى ۋە ئەتىسىنى توغرا، ئىلمىي چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ قەلبىدە ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشقا مۇستەھكەم ئىرادە تىكلىگىلى بولىدۇ.

ھەر مىللەت خەلقى دۆلەتنى پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيە - سىياسىي ساپاسى ۋە پەن مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيالىزملىق، خۇراپاتلىق، فېئوداللىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىگە مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا پىداكارانە روھى بىلەن قارشى تۇرۇش كېرەك.

زوراۋان، تېرورچى ئۇنسۇرلارغا بولغان باتۇرانە جەڭنى قەتئىي توختاتماي، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇش مۇساپىسىنى خاتىرجەم خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

(3) پاكلىق قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ساغلام ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورۇنلار چوڭ دېلو، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا ھەرگىز يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق خىزمىتىنىڭ رولىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداپ، تىغ ئۇچىنى پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ئەتكەسچىلىك، چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قارىتىپ، سېرىق مەرەزلەرنى دەل ۋاقتىدا تازىلاپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىنى ساغلام ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قانۇن بويىچە ئادىل ئىش بېجىرىپ، چىرىكلەشكەنلەرنى دۆلەت قانۇنى بويىچە كەسكىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىگە توسالغۇ بولۇۋاتقان ھەرقانداق دېلولارنى ۋاقتىدا قانۇنىي ئۆلچەم بويىچە توغرا، ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. كادىرلار قوشۇنىنىڭ خىزمەت ئىستىلى ۋە ئىدىيىۋى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ساپلاشتۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە يېڭى تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك.

(4) نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە تۇرلۇك سېلىقلارنى يېنىكلىتىش جەھەتتە يېڭى مېخانىزم بەرپا قىلىش كېرەك. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش دۆلەتنىڭ توپ سىياسىتى شۇنداقلا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇملۇققا ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا، ھەر مىللەت خەلقىغە پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر قانۇن ساۋات بىلىملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ سۈپەتلىك پەرزەنت كۆرۈش ۋە سۈپەتلىك تەربىيىلىنىش ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ تۇرلۇك سېلىقلىرىنى يېنىكلىتىش خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز

تەرەققىي قىلىشىغا، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەشكە شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇمييۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇھىم سىياسىي مەسىلە.

شۇڭا ھەر مىللەت كادىرلار قوشۇنى ئۆزىنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش خىزمىتىنىڭ يېڭى پىكىر يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىش ۋە كېڭەيتىش كېرەك.

ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە يېڭى چىقىش يولىنى تېپىپ بېرىپ، ئۇلارنى بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

نوپۇس كۆپىيىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىق ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىش بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۈنۈمىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىنى ئېنىق، توغرا تونۇپ، پەقەت نوپۇسنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەپ تۇرغاندىلا، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، يۇقىرى ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەندىلا، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

(5) ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ۋە ئارمىيە بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

خەلق ئارمىيىسى دۆلەتنىڭ ئوبراز ۋە تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۆلەت مۇداپىئە قوشۇنلىرى ئۆزىنىڭ زامانىۋىلىشىش، ئىلمىيلىشىش، مۇنتىزىملىشىش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، ۋەتەن زېمىنىنىڭ مەڭگۈ ئامان ـ ئېسەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆزىنىڭ قەيسەر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نۇرلاندۇرۇپ، ھوشيارلىقىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى قەتئىي ئۆستۈرۈپ، دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكىگە، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا، زېمىن پۈتۈنلۈكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق دۆلەت، تەشكىلات، شەخس بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا چاقماق تېزلىكىدە زەربە بېرىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ئارمىيىسىنىڭ جەڭگىۋار ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇزىنى، ئىناۋىتىنى، بىرلىكىنى ۋە تىنچ ۋەزىيىتىنى مەڭگۈ پۇختا ساقلاش يۈكسەكلىكىدە تۇرماقتا. ئۇلار دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، جىددىي پەيتتە قۇربان بېرىشتىن قورقماي، كوممۇنىستىك خىسلەت ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات مۇساپىسىنى داۋاملىق تېزلىتىپ، دۆلەت زېمىنىنى قوغداشتا يېڭىلمەس ئىرادە تىكلەپ، تەڭداشسىز جۇڭگوچە يېڭى ئارمىيە قوشۇنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئارمىيە بىلەن خەلق ۋە ھەر دەرىجىلىك يەرلىك تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ساقلاپ، ئۆز ئارا يېڭىچە، قىزغىن، چوڭقۇر دوستلۇق كۆۋرۈك ئورنىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى تولىمۇ زۆرۈر.

قىسقىسى، ھەر مىللەت خەلقى قان بىلەن گۆشتەك سوتسىيالىستىك يېڭى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇلۇغ مەشئىلىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ئادىل بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىملىق يېڭى ئەسىردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ يادرولۇق تېمىسى دېگەن ئىلمىي نۇقتىئىينەزەرنى دەۋر قىلىپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى داۋاملىق ئۆگىنىپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ جەۋھىرى بولغان مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ھەقىقىي، توغرا، ئەمەلىي تۇتۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يېڭى ئەسىردە ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ يېڭى غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي تىرىشىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ پارلاق گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

***(ئاپتور تاشقورغان ناھىيە داتۇڭ يېزىسىدىن)***

# پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سىياسىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تونۇش لازىم

ئابدۇقادىر كېرەم

باش شۇجى جياڭ زېمىن 1994 ـ يىلى 2 ـ ئايدا
مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 ـ قې-
تىملىق يىغىنىدا: «پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن
بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى، پارتىيە ئىشلى-
رىنىڭ گۈللىنىشى، خاراب بولۇشى، ۋۇجۇدقا چىقىش،
مەغلۇپ بولۇشى ۋە پارتىيىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا بېرىپ
تاقىلىدىغان تۈپ خاراكتېرلىك سىياسىي مەسىلە» دەپ
كۆرسەتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىنىنىڭ پارتىيە بىلەن
خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى سىياسىي
يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ئىنتايىن
چوڭقۇر ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ بارلىق پارتىيە
ئەزالىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۆچلۈك دىققەت ـ
ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك .

خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇش
پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، خەلق ئاممىسى بى-
لەن قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتتە بولۇش پارتىيى-
مىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تېخىمۇ قۇدرەت تې-
پىشىنىڭ ئاساسى. ۋاھالەنكى، نۆۋەتتە پارتىيە بىلەن
خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى تا-
رىخىي شارائىتتىكى ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىر قى-
سىم كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى سەگەكلىك بىلەن تو-
نۇپ يەتكىنى يوق. ئەگەر ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەش-
كىلاتلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار بۇ مەسىلىگە قارىتا
جىددىي ھالدا دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىمايدىغان بولسا
، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئۈزۈشۈش كۈچىگە ئىگە قىلى-
غىلى ۋە ھەقىقىي ھالدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇ-
قىملىقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، پارتىيە
بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخ-
شىلىنىشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى
ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم

1. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە بىلەن
خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ
مۇھىم ھالقىسى. چىرىكلىك ھادىسىلىرى گەرچە
قىسمەن كادىرلاردا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتى-
يىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاچقا، بۇ بىر قىسىم
كىشىلەرنىڭ قىلمىشى پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ئا-
رىسىدىكى ئوبرازىنى ۋە پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ
مۇناسىۋىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ، پارتىيىنى خەلق ئام-
مىسىدىن ئايرىلىپ قىلىش خەۋپىگە يۈزلەندۈرىدۇ. ئە-
گەر چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئۈنۈملۈك توسۇۋېلىنمىسا
خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىدىن مەھرۇم
قالىمىز ـ دە، مۇقىملىق ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ.

2 . دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش پار-
تىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇق-
لاشتۇرۇشتىكى زور تەدبىر. نۆۋەتتە بەزى ئورۇنلاردا دېھ-
قانلار يۈكىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىشى ۋە
قىسمەن كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان خىزمەت ئۇسۇلى ئاد-
دىي ، قوپال بولۇش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن كادىرلار ۋە
ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلگەن زىددىيەت ۋە مەسى-
لىلەر بىر قەدەر گەۋدىلىك بولماقتا. دېھقانلار كوم-
مۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى؛ شۇڭا پار-
تىيىنىڭ دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى-
نىڭ قانداق بولۇشى ماھىيەتتە پارتىيىنىڭ ھايات ـ ما-
ماتىغا مۇناسىۋەتلىك سەزگۈر مەسىلە شۇڭلاشقا دېھ-
قانلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش مەسىلىسىنى قەتئىي

نىيەتكە كېلىپ، ھەقىقىي تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ۋە ئۇسۇلىنى ياخشىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە تۈزىتىپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەندىلا، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ چاقىرىقى ئەتراپىغا ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى، ئاندىن بىر ئۇچۇم مىللەت بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە يېتىم قالدۇرغىلى، بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولغان، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىلگىرى سۈرۈلگەن ياخشى كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.


3. پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا، ئامما ئارىسىغا، ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ۋە ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قىيىنچىلىقتا قالغان كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ھەل قىلىش، ئۇلارغا بولغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارغا پارتىيىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

4. پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش — پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم شەرتى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىدىن ئىبارەت. لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىل خوجايىنلىق ئورنى پەقەت مۇئەييەن تۈزۈمنىڭ كاپالىتى ئارقىلىقلا رېئال رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. مەملىكىتىمىزدە خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ، شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ۋەكىللىرى بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى مۇشۇ يول بىلەن تولۇق ئىپادىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىدا ئامما بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدىغان، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلىدىغان، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىدىغان ئاساسلىق دېموكراتىيە يولى بولۇشى كېرەك.

5. دېموكراتىك نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دېموكراتىك تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك مالىيە باشقۇرۇش، ئاممىنىڭ جان ـ جان مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ئاشكارا ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، قانۇنىي نازارەتچىلىك ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ خوجايىنلىق رولىنى ھەقىقىي تۈردە گەۋدىلەندۈرۈش لازىم.

قىسقىسى، پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز قويۇقلاشتۇرىدىغانلا بولساق، خەلق ئاممىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغۋار كۆرەش نىشانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

***(ئاپتور لوپ ناھىيە چارباغ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىسى)***



# دۆلىتىمىزنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەريانى

قاۋۇل توختى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دۇنيا بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشقا دائىر تۇنجى نېگىزلىك قانۇن بولۇپلا قالماي، دۆلىتىمىزنىڭ نېگىزلىك قانۇنلىرى ئىچىدە نامى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ بېكىتىلگەن بىردىنبىر قانۇن، شۇنداقلا ئاساسىي قانۇندىن باشقا كىرىش سۆز يېزىلغان، ماددىلىرى ئەڭ كۆپ قانۇن ھېسابلىنىدۇ. بۇ قانۇننىڭ بارلىققا كېلىشى غۇلغۇلا قىلىپ كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈشتىن تارتىپ لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ماقۇللاش ۋە ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشقا قەدەر، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 30 نەچچە يىلنى باشتىن كەچۈردى.

1949 - يىلى 9 - ئايدا ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇن رولىنى ئوينىغان «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» دا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسەت دەپ مۇقىملاشتۇرۇلدى. 1952 - يىلى 8 - ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئورتاق پروگراممىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى تەستىقلىدى. 1954 - يىلى 9 - ئايدا 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ماقۇللىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش ئىشى قانۇني ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

1955 - يىلدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى ئىشخانىسى (شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى مىللەتلەر ئىشخانىسى) ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى» نى تۈزۈشكە كىرىشتى. 1957 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىغا كەلگەندە جەمئىي سەككىز ئورگىنال تۈزۈپ چىقىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىم يامرىغانلىقتىن، بۇ خىزمەت تاشلىنىپ قېلىپ، شۇ پېتى 20 يىل توختىتىپ قويۇلدى.

1979 - يىلى 6 - ئايدىكى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى يېڭىۋاشتىن تەسىس قىلىندى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يەنە تۆت ئورگىنال پۈتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مىللەتلەر كومىتېتى ئالتە ئورگىنال تۈزۈپ چىقتى. 1980 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى ۋۇلەنفۇغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمىدىن بىر قىسىم ئادەم ئاجرىتىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەشنى تاپشۇردى.

1983 - يىلى 1 - ئايدا تۈزۈش گۇرۇپپىسى ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ياردەملىشىپ ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈش سىناق

نۇقتىلىرىنىڭ تەجرىبىسى ۋە مىللىي رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇرۇنقىسى ئاساسىدا لايىھىگە يەنە تۈزىتىش كىرگۈزدى. 1983 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەركەزدە ۋۇلەندىغۇ باشچىلىقىدىكى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتنىڭ سۈرئىتى زور دەرىجىدە تېزلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» تۈزۈلۈپ ھەمدە ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى لايىھىسى» شەكىللەندى.

1984 ـ يىلى 2 ـ ۋە 4 ـ ئايلاردا 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 4 ـ ۋە 5 ـ يىغىنلىرى بۇ «لايىھە» نى ئىككى قېتىم قاراپ چىقىپ تۈزىتىش كىرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى 17 ـ ئورىگىنال شەكىللەندى. 1984 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى ھەمدە شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇش قارار قىلىندى. بۇ قانۇن رەسمىي يولغا قويۇلغان 15 يىلدىن بۇيان، مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرى جەھەتتە ناھايىتى زور تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» زور تۈرتكىلىك ۋە كاپالەتلىك رول ئوينىدى. ئەمما بازار ئىگىلىكى دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ بەزى مەزمۇنلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىنلىشىشقا توختاپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزگەندە، نەزەرىيە جەھەتتە يەنىلا پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپى» سەۋىيىسىدە توختاپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانىدى. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدىكى 12 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى» دېگەن نەزەرىيە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەمەلىيەتتە بازار مېخانىزمى خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان بولدى. 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايدا پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيى بازار ئىگىلىكى نەزەرىيىسىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېزلىكتە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىشقا ئۆتۈش قىلىندى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزگەن چاغدا گەرچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان بەش يىللىق تەجرىبىلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنىڭغا يۇغۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن پىلان تۈزۈلمىسىنىڭ رامكىسىنى تۈپتىن بۇزۇپ تاشلاش مۇمكىن بولمىدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يۇكسەك مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى تەدرىجىي تارىيىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى مالىيە ـ ئىقتىسادقا دائىر بىر مۇنچە ماددىلار ئېنىق بىكار قىلىنمىغان بولسىمۇ، لېكىن يېڭى تۈزۈلمە شارائىتىدا ئۇنى تەتبىقلاش ۋە قوللىنىش بىئەپ بولۇپ قالدى، بەزى بەلگىلەنگەن مەزمۇنلار تەدرىجىي مەۋجۇت بولۇشتىن قالدى، بەزىلىرى ئاجىزلاشتى، يەنە بەزىلىرى نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە سەۋەب بولدى. بۇ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان مەزمۇنلار ئاساسەن مالىيە ـ ئىقتىسادقا مەركەزلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ مەزمۇنى ئەينى چاغدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە نۇرغۇن يىللىق پىلانلىق ئىگىلىك تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمايتتى. شۇڭا بازار ئىگىلىكى دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، دۆلەتنىڭ بۇرۇنقىدەك مىللىي رايونلارنىڭ مالىيىسىگە بېرىدىغان ياردەم پۇلىنى يىلىغا 10% ئاشۇرۇپ بېرىش سىياسىتى مالىيە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا ئەگىشىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛

مىللىي سودىدىكى «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش» كەبى ئوخشاش ئېتىبار سىياسەتلىرىمۇ نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى؛ باج تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا باجدا ئېتىبار بېرىشتەك بىر يۈرۈش ئېتىبار سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىنلاشتى. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، مەملىكەتلىك قانۇن چىقىرىش ساھەسىدىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملار «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى بەزى ماددا ۋە تارماقلارنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە كۆپ قېتىم دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ قانۇنىي جەھەتتىكى مەجبۇرلاش كۈچى كەمچىل بولغاچقا، تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چۈشەپ قويدى، دەپ يەكۈن چىقاردى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزۈش خىزمىتى ئۈستىدە ئۇزۇن يىل ئىزدەنگەن ئالاقىدار مەسئۇللىرى مۇنداق دەيدۇ: 1982 ـ يىلى ئاساسىي قانۇنغا ئۈچ قېتىم مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، بۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى بەزى مەزمۇنلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا مۇناسىپ تۈردە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭدىكى بەزى بەلگىلىمىلەرنى ئاساسىي قانۇننىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ ئەڭ بىۋاسىتە سەۋەبى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن بېرى، نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، بۇ بىزدىن «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى يەنىمۇ تۈزىتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇشۇ بىر مەزگىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭىچە تەجرىبە ۋە يېڭىچە كۆز قاراشلارمۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى تولۇقلاشنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلدى.

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا قانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا بۇ مەسئۇل يولداش مۇنداق دەيدۇ: «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى تۈزىتىش كىرگۈزۈش تەرتىپى، تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى ئاساس ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان مەزمۇننىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلىگە چېتىلىشى مۇمكىن. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى تۈزىتىش كىرگۈزسىمۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزىتىش كىرگۈزسىمۇ بولىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇن قاتارلىق بىر قانچە چوڭ قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە قوللانغان ئۇسۇللاردىن قارىغاندا، دائىمىي كومىتېتنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزگىنى ئەمەلىيەتتە بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. تۈزىتىش كىرگۈزگەندە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار بەلگىلىمىلەردە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك بولسا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، تۈزىتىش كىرگۈزسىمۇ ـ كىرگۈزمىسىمۇ بولىدىغانلىرىغا تەگمەسلىك لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېھتىياج ۋە مۇمكىنچىلىككە قاراپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىرىنى ئىلاج قىلىپ تولۇقلاپ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەجمى جەھەتتە قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش، يەنى بىرەر قارار ياكى بەلگىلىمە شەكلى بىلەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش لازىم.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نۇرغۇن ۋەكىللىرى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھەمدە مىللىي رايونلار ۋە مىللىي ئىشلار خىزمەتچىلىرىنىڭ «مىللىي تېر-

رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىش جەھەتتىكى سادالىرى ئىزچىل تۈردە يۇقىرى بولۇپ كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمۇ بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزدى. 1998 ـ يىلى كومىتېت باشلىقى لى پېڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «مەن بىرىنچىدىن، ‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قوللايمەن. ئىككىنچىدىن، ‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى› غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش كېرەك». ئۇ يەنە تۈزىتىش كىرگۈزۈش پرىنسىپلىرى ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتى ھەققىدە كونكرېت يوليورۇقلارنى بەردى.

1998 ـ يىل 6 ـ ئايدىن باشلاپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋە سەككىز تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى، بۇ گۇرۇپپىلار مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلار ھەمدە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئىچكى موڭغۇل، نىڭشيا، گۇاڭشى، يۈننەن، شىنجاڭ، چىڭخەي، گەنسۇ، گۇيجۇ، شىزاڭ، سىچۈەن قاتارلىق ئون ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا بېرىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا يېرىم يىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 1998 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ دۆلەت تەرەققىيات ـ پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسى، دۆلەت ئىچكى سودا ئىدارىسى، تاشقى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قاتارلىق توققۇز مىنىستىرلىك، كومىتېت (ئىدارە) گە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئىككى قېتىم ئاڭلىدى، 1999 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۇ يەنە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىنى چاقىردى. 1999 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى چېڭ كېجې شىنجاڭغا كېلىپ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىجراسى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەم ھۆكۈمەتتىكى يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى نۆۋەتتە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەھەتتە مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلەۋېتىپتۇ: جايلارنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىر، تەكلىپلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش؛ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر نەچچە مۇھىم ئىشنى تەرتىپكە سېلىش؛ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ تۈزىتىلمە لايىھىسىنى تۈزۈش؛ دۆلەتنىڭ مىللىي رايونلارغا بولغان ئېتىبار سىياسەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەش.

بىرىنچى قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا توپلانغان پىكىرلەردىن قارىغاندا، جايلار بەرگەن تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكىرلىرى ئاساسەن مالىيە ـ ئىقتىساد جەھەتكە مەركەزلەشكەن بولۇپ، پرىنسىپالراق تۈزىتىش پىكىرلىرى ئاساسلىقى مۇنۇلار:

مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش كېرەك. ئورتاق بەھرىمەن بولۇش بېجىنى نىسبەتكە ئايرىش ۋە ئىستېمال بېجى ئېلىشتا، مەركەز ۋە يەرلىك ئورتاق بەھرىمەن بولۇش

ياكى ھەممىنى يەرلىككە قالدۇرۇش؛ دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش سالمىقىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇش؛ ئاشقان قىممەت بېجىنى ئايرىشتا ۋە باج قايتۇرۇش جەھەتتە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا ئېتىبار بېرىش؛ دۆلەت مالىيىدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى تۈزگەن ۋە يولغا قويغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشى كېرەك.

دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا باجدا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىشنى تەلەپ قىلىش جەھەتتە: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەرلىك باج تۈرلىرىنى يولغا قويۇشى ۋە ئۇنى توختىتىشىغا، يەرلىك باجدىكى بەزى تۈرلەرنى ۋە باج ئېلىش نىسبىتىنى تەڭشىشىگە رۇخسەت قىلىش.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئېنېرگىيە، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىگە دائىر چوڭ ـ چوڭ تۈرلەرنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، دۆلەتنىڭ مەخسۇس تۈرى سۈپىتىدە مەبلەغ سېلىش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن سەپلىمە مەبلەغ چىقىرىشنى تەلەپ قىلماسلىق؛ دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ باشقا مەبلىغىگە قارىتا مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن سەپلىمە مەبلەغ چىقىرىشنى تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ نىسبىتىنى باشقا جايلارنىڭكىدىن تۆۋەنرەك بېكىتىش؛ دۆلەت مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى مەبلەغچىلەرنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مەبلەغ سېلىپ، بايلىقنى ئېچىپ، كارخانا قۇرۇشقا مەدەت بېرىش.


دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا بېرىدىغان قەرز كۆلىمىنى كېڭەيتىش، شۇنىڭدەك قەرز بېرىش شەرتلىرىنى كەڭ قويۇۋېتىش، ئۆسۈم نىسبىتىدە ئېتىبار بېرىش.

دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئۇسۇلىنى كونكرېتلاشتۇرۇش ھەمدە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ چېگرا سودىسىنى كېڭەيتىشىگە قارىتا مەلۇم ئېتىبار سىياسىتى بېرىش، ۋەھاكازالار.

ئۇندىن باشقا، يەنە بەزى پرىنسىپال تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكىرلىرىدە: بىر نېگىزلىك قانۇندا قانۇن جاۋابكارلىقى كەم بولسا قانۇن چىقىرىش قائىدىسىدىن ئېيتقاندا كەمتۈكلۈك ساقلانغان بولىدۇ. قانۇن ئىجرا قىلىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەجبۇرلاش كۈچى بولمىسا، قانۇننى ئىجرا قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئەپسىز بولىدۇ دەپ قارالغان ھەمدە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، ئۇنىڭغا «قانۇن جاۋابكارلىقى» دېگەن بىر بابنى قوشۇش تەۋسىيە قىلىنغان.

بىز ئېلىمىزنىڭ مىللىي قانۇنچىلىق ئىشلىرى ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە تۇرۇۋاتقان مۇھىم بىر پەيتتە، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى تەييارلىق سۈرئىتىنىڭ تېزلىتىلىشىنى، كەڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىشنى يېڭى قانۇن ئاساسى بىلەن تەمىنلەپ، كەڭ مىللىي رايونلار ۋە مىللىي ئىشلار خىزمەتچىلىرىنىڭ ياخشى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنىڭ بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

***(ئىلىتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتى ئىشخانىسىدىن)***



# ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ــ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى

توختىروزى مەتنۇرى

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشلاش ــ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر قايسى سەپلەر كۈچ ئۇلاپ ھەمكارلىشىپ، خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي، قانۇنىي، مەدەنىيەت ـ مائارىپ قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەشنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئورتاق باشقۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشتەك ئەھۋاللارنى ئازايتىپ ياكى تۈزىتىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشلاشنىڭ دائىرىسى «زەربە بېرىش، ئالدىنى ئېلىش، تەربىيىلەش، باشقۇرۇش، قۇرۇش، ئۆزگەرتىش» تىن ئىبارەت ئالتە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىر دۆلىتىمىزدە 18 ياشتىن تۆۋەن ياش قورامىغا توشمىغانلار 400 مىليون بولۇپ، ھەر ئۈچ ئادەم ئىچىدە بىرى ياش قورامىغا توشمىغان ئۆسمۈردۇر. نۆۋەتتە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش، مەكتەپتىن چىقىۋېلىش ئەھۋالى بىر قەدەر كۆپ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى ئىچىدە تۇتقان نىسبىتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى جىنايەت سادىر قىلىش دائىرىسى كەڭ، يەتكۈزىدىغان زىيىنى ئېغىر. بۇ نۆۋەتتە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان مۇھىم ئامىلغا ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياش ـ ئۆسمۈرلەر دۆلەتنىڭ كېلەچىكى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ــ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشلاشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟ مېنىڭچە، تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

1. كوممۇنىستىك غايە تەربىيىسىنى ئۇزاققىچە، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك.

ياش ـ ئۆسمۈرلۈك ئادەمنىڭ بالىلىق ھالىتىدىن يېتىلىشكە قاراپ ماڭىدىغان دەۋرى. كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇۋاتقان، گۈللىنىۋاتقان، جىسمانىي جەھەتتە، ئەقلىي جەھەتتە ئۇسۇپ يېتىلىۋاتقان دەۋر، شۇنداقلا دۇنيا قاراش شەكىللىنىۋاتقان دەۋر. بۇ دەۋر ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلىشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق مەزگىل بولغاچقا، ئۇلارغا بولغان غايە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئۇلارنى توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا تۇرمۇش قارىشىغا ئىگە قىلىپ يېتىلدۈرۈش ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق تەدبىرلەرنىڭ بىرى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ‹ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى›» نىڭ 3 ـ ماددىسىدا: «دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتا غايە تەربىيىسى، ئەخلاق تەربىيىسى، مەدەنىيەت تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق، ئىنتېرناتسىيونالىزم، كوممۇنىزم تەربىيىسى ئېلىپ بارىدۇ. ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، ئىلىم ـ پەننى، سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كاپىتالىزم، فېئودالىزم ۋە باشقا چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى

تۇرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

2. ئائىلە، مەكتەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

ئائىلە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسۈشىدىكى بۆشۈك ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى تۇنجى مەكتەپ. ئائىلە شارائىتى، ئائىلە ئىستىلى ۋە ئائىلە تەربىيىسى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىنىڭ، پەزىلىتىنىڭ، ئېتىقادىنىڭ ۋە ئىدىيىۋى كەيپىياتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلاردا ئائىلە تەربىيىسىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان رەزىل كەيپىيات كۆپ ھاللاردا جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. ئارتۇقچە ئەتىۋارلاپ كېتىش بالىلارنىڭ ئەمگەكنى جاپالىق دەپ بىلىپ، باشقىلارنىڭ پۇل - مېلىنى بۇلايدىغان بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بالىنى ئۇرۇش - تىللاش ئاتا - ئانىسى تەرىپىدىن ئېرىشەلمىگەن مېھرى - شەپقەتنى دوستلىرىدىن ئېرىشىش، بالىلارنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، جىنايەت سادىر قىلىدىغان قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. رەزىل ھېسسىياتقا ئىگە بولۇپ قالغان قىزلار كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، كەسىپ، مۇھەببەت ۋە نىكاھ مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلالمىغانلىقتىن، شەھۋانىيلىق قىلىشى مۇمكىن. ياش - ئۆسمۈرلەر جەمئىيەتتە، مەكتەپتە ۋە ئائىلىدە نورمال ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان چاغدا خورلىنىپ، توقۇنۇش ئىچىدە قالىدۇ - دە، ئارزۇسىنى باشقا يول بىلەن قاندۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، جىنايەت سادىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئائىلە تەربىيىسى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئائىلە كىشىلىك ھاياتتىكى تۇنجى مەكتەپ، ئاتا - ئانا كىشىلىك ھاياتتىكى بىرىنچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئاتا - ئانىلار بالىلارغا تەربىيە بېرىشتە ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، پەرزەنتلەرنى بېقىش، تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتا - ئانىلار ھەم بالىلارنى ھەددىدىن زىيادە ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىكى، ھەم ئۇلارنى تاشلىۋەتمەسلىكى لازىم. ئۇلارنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىنى ۋە قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى سەزگەن ھامان، قانات ئاستىغا ئالماستىن، ئۇلارغا تەربىيە بېرىش، نەسىھەت قىلىش كېرەك.

مەكتەپ ياش - ئۆسمۈرلەر تەربىيە ئالىدىغان، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان ئورۇن. ئوقۇغۇچىلىق تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ باسقۇچ. ئومۇمەن، مەكتەپ تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى پەزىلىتى ۋە ئەخلاقىي پەزىلىتىنىڭ يېتىلىشىدە ئاساسىي يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر مائارىپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مەكتەپلەرنىڭ بۇنداق ئاساسىي يېتەكچىلىك رولى كۈنسايىن كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەكتەپلەرنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش، مەكتەپلەرنىڭ دۆلەتكە ئىزباسار تەربىيىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەكتەپنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى قەتئىي تۈردە «مائارىپ قانۇنى»، «ئوقۇتقۇچىلار قانۇنى» بويىچە باشقۇرۇش، سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنتىزامغا ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش - تەربىيىلەش سۈپىتىنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. دەرس ئوقۇتۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، سىياسىي بىلەن كارى بولماسلىق، ئىنتىزام بىلەن كارى بولماسلىقتەك ئوقۇتۇش ئىستىلىنى قەتئىي تۈزىتىش، سىنىپتا ئاشلىتىش، سىنىپتا قالدۇرۇشتىن ساقلىنىش، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈش، چېكىنىۋېتىشتەك ئەھۋاللارنى قەتئىي تىزگىنلەش كېرەك. «قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 13 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا: «مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنۈشى، ئوقۇغۇچىلارنى ئاسرىشى، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە كەمچىلىكى بولغان، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىش، ياردەم بېرىش، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكى لازىم»، 14 - ماددىسىدا: «مەكتەپلەر ياش قورامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيە ئېلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى، ياش قورامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن قوغلاندى قىلماسلىقى لازىم» دەپ

بەلگىلەنگەن.

ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ياش - ئۆسمۈرلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە يېزا ئىگىلىك ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئاساسىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىدىغان ھەم ئۇلارنى سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلەيدىغان، مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە تەشكىللەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئورۇن. شۇڭا، زاۋۇت، كان، كارخانىلار، كوچا ئىش باشقارمىلىرى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتلىرى ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى تەربىيىسىنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلىرىنى سەزگەن ھامان، ئۇلارغا تەنقىد - تەربىيە بېرىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جىنايەتنى بىخ ھالىتىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشى لازىم.

جەمئىيەت تەربىيىسى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرگە بەرگەن تەربىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇھىت ئادەمنى ئېھتىياجغا يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ ئادەمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە دىققەت قىلىش لازىم. ئادەمنىڭ ئېھتىياجى خىلمۇخىل بولىدۇ. ئەمما ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇ فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج (يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى، جىنسىي جەھەتتىكى، بىخەتەرلىك جەھەتتىكى) ۋە مەنىۋى ئېھتىياجدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ئادەمنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى. مەنىۋى ئېھتىياج ئىجتىمائىي شارائىت ۋە تەلىم - تەربىيە شارائىتى ئاستىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ ئادەمگىلا خاس بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئېھتىياجدۇر. مەنىۋى ئېھتىياج كىشىلەر ھەر ۋاقىت مۇھتاج بولىدىغان ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ رېئال ئىمكانىيەتتىن ھالقىغان ۋە ئورۇنلۇق بولمىغان ئېھتىياجلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىنى كونترول قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ياش - ئۆسمۈرلەر شۆھرەتپەرەس كېلىدىغان بولغاچقا، ماددىي ئېھتىياجنى ئارتۇقچە قوغلىشىپ كېتىپ نەپسىنى يىغالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزىدە جىنايەت سادىر قىلىش غەرىزى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەدەنىيەت، تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىز، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەسەرلەرنىڭ جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرۈشىنى قەتئىي چەكلىشىمىز لازىم. ياش - ئۆسمۈرلەر ياخشى كۆرىدىغان، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئەسەرلەرنى نەشر قىلىپ تارقىتىشىمىز لازىم.

3. جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى كۈچلەرنى تولۇق سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نى يولغا قويۇش چارىسى» نىڭ 4 - ماددىسىدا: «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى» دەپ بەلگىلەنگەن. «قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 38 - ماددىسىدا: «قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتا تەربىيىلەش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ. تەربىيىنى ئاساس قىلىش، جازالاشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك بىر خىزمەت. بىز ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ سانىنى ئازايتىش توغرىسىدا ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدىنىپ، تەربىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئازغان ياش - ئۆسمۈرلەرگە قارىتا «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا تەربىيىلەپ

قۇتقۇزۇۋېلىش خىزمىتىنى دائىملىق خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك.

جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە مېيلى سىياسىي جەھەتتە، مېيلى ئىدىيە جەھەتتە، ھەر ۋاقىت غەمخورلۇق قىلىشىمىز، ئۇلارنى كەمسىتمەسلىكىمىز، ئۇلاردىن بىزار بولماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم.

4. ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە تەكرار جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە تارتقان، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قۇتراتقان ۋە زورلىغان جىنايەتچىلەرنىمۇ قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىشىمىز لازىم.


جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشىلاش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ داۋاملىق مۇقىم بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورنىتىلىشىغا تىنچ مۇھىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي قانۇن ئارگانلىرى قاتىللىق قىلغان، ئوت قويغان، پارتلاتقان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، زەھەر تاشلىغان، لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق قىلغان، زەھەر بۇيۇملىرىنى ياسىغان، ئېلىپ ساتقان، توشۇغان، ساقلىغان، چەككەن ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى ھەم «ئالتە زىيانلىق قىلمىش» بىلەن شۇغۇللانغانلارنى بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئۆزىگە تارتقان، ئۇلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قۇتراتقان، زورلىغان ۋە ئۇلارغا جىنايەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئۆگەتكەن جىنايەتچى ئۇنسۇرلارنى داۋاملىق تۈردە قانۇن بويىچە قەتئىي جازالاش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇقىرىقىدەك ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر قالايمىقانلاشتۇرغان ياش ـ ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش لازىم. «قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 53 ـ ماددىسىدا: «ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلغانلارغا قانۇن بويىچە ئېغىر جازا بېرىلىدۇ. ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرنى زەھەر چېكىشكە، ئوكۇل قىلىپ ئۇردۇرۇشقا ياكى ئەپيۇن ـ نوپۇسنى سېتىشقا ئازدۇرغان، كۈشكۈرتكەن ياكى زورلىغانلارغا قانۇن بويىچە جازا بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بىز قانۇن بولغانىكەن چوقۇم قانۇنغا ئاساسلىنىشىمىز، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز، قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە سەۋەب بولغان ھەرقانداق ئادەمنى قانۇن بويىچە قەتئىي جازالىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئازغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرلەرگە قارىتا قانۇن ـ تۈزۈم تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنى بارغانسېرى ئازايتىپ، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى جەمئىيەتكە ياراملىق بولغان كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىمىز لازىم.

5. تۈرمە ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەيدىغان ئالاھىدە مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

تۈرمە ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى جىنايەتچىلەرنى ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئەمگەككە سېلىپ ئۆزگەرتىدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان ئورۇن. مەركەز خېلى بۇرۇنلا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرىنى ئالاھىدە مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى بىر مۇھىم ئىجادىيەت دەپ كۆرسەتكەنىدى. دۆلىتىمىزنىڭ تۈرمىلىرى ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورۇنلىرى ئەزەلدىنلا «ئۆزگەرتىش بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىككىنچى»

قاتچىنىنى يولغا قويۇپ، ئۆزگەرتىشنى مۇھىم خىزمەت قىلىپ كەلدى. جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنى ئۆزگەرتىشتە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان چوڭلارغا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. ياش - ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى قاقۋاش، پىشىپ كەتكەن جىنايەتچىلەر بىلەن بىر كامېرغا سولاپ قويماسلىق كېرەك. «قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 41 - ماددىسىدا: «- جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى، خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىشتىن بۇرۇن قامالغان ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرنى ياش قورامىغا يەتكەنلەردىن ئايرىپ باشقۇرۇش كېرەك. خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلىپ جازا مۇددىتىنى ئۆتەشكە باشلىغان ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرنى جازا مۇددىتىنى ئۆتەشكە باشلىغان ياش قورامىغا يەتكەنلەردىن ئايرىپ قاماش، باشقۇرۇش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ياش - ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرگە قارىتا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، جىنايىتىنى تونۇپ، قانۇنغا بويسۇنۇش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرگە قارىتا تەربىيىلەش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇش، تەربىيىنى ئاساس، جازالاشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى، قانۇن بىلىملىرىنى، ئەخلاق مىزانلىرىنى، مەدەنىيەت - تېخنىكىلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، كۆپ ساندىكىلىرىنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىمىز، ھەم قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن قايتىدىن جىنايەت سادىر قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز، ھەم تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەربىيىلەپ قۇتقۇزۇۋېلىش فاڭجېنىنى ۋە ياردەم - تەربىيە بېرىش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز، ئۇلارغا ئىللىقلىق بېرىشىمىز، ئۇلارغا خىزمەت كۆرسىتىپ، يېڭى ئادەم بولۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم. «قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى» نىڭ 44 - ماددىسىدا: «خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلغان، خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى جازالاردىن كەچۈرۈم قىلغان ياكى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشنى جاكارلىغان، يىغىۋېلىپ تەربىيىلەشتىن بوشىتىلغان ياكى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ياش قورامىغا يەتمىگەنلەرنى ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەكتەپ پۈتتۈرۈش، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتە كەمسىتىشكە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، بىز ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلىنغان، جازاسى كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا جاكارلانغان، تەربىيىلەش ئورنىدىن جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەنلەرنى كەمسىتمەسلىكىمىز، تىرىشىپ شەرت - شارائىت يارىتىپ ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، ئۇلارغا ئىللىق ماكان، ئىللىق ئائىلە، ئىللىق جەمئىيەت يارىتىپ بېرىشىمىز لازىم.

**(ئاپتور غۇلجا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)**



# جۇڭگونىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO) غا كىرىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ئادىلجان ئابلەت

1999 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن خەلق ئاممىسى، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىشىدە توسالغۇلارنى يوقىتىپ، تېزرەك WTO كىرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى ھەم ئۇنى ئۆز مەنپەئەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراپ مەسىلىنىڭ تېزرەك ھەل بولۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب زادى نېمە؟ جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىشى ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئاممىسى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ...بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ چۈشەنچىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۆزگەرگەن ۋەزىيەتكە ئۇنۇملۇك ماسلىشىش، پۇرسەت، رىقابەت، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش يوللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىشتا ھەم ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىشتا نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. جۇڭگونىڭ ئېرىشىدىغانلىرى

دۇنيا سودا تەشكىلاتى (WTO) 1992 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگودىكى ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرنال، مەخسۇس كىتابلاردا كەڭ كۆلەمدە كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى. خەلق ئاممىسى، ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرمۇ WTO ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. ئۇ مەزگىللەردە خۇددى جۇڭگو 1993 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىلا WTO غا ئەزا بولۇپ كىرىدىغاندەك بىر خىل ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم گېزىتلەر مۇنداق دەپ يازدى: «جۇڭگو پات ئارىدا WTO غا ئەزا بولۇپ كىرمەكچى. WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن چەت ئەللەردە ئىشلەنگەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان ھەر خىل ماللار ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگو بازارلىرىغا كىرىدۇ. جۇڭگونىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولمىغان تاشيوللىرىدا تويوتا، مېرسىدىس، لىنكولىن، باۋما قاتارلىق ئېسىل ماشىنىلار ئۇچقاندەك چېپىپ يۈرىشىدۇ، جۇڭگولۇقلار فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن مودا كىيىملەرنى كىيىشىدۇ، ھەممە ياقلار ئۆزگىرىپ ئاجايىپ بىر خىل مەنزىرە شەكىللىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگودا ئىشلەنگەن «جيالىڭ» ناملىق موتوسىكلىت، «دۇڭفىڭ» ناملىق ماشىنىلار ئامېرىكىدىكى قىتئەلەر ئارا تاش يوللاردا ھەر تەرەپكە قاتناپ يۈرۈشىدۇ، سۇجۇدا ئىشلەنگەن ئىپەك كىيىملەرنى كىيىشكەن قىزلارنى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، دۇنيادىكى مەشھۇر ئاشخانا، قاۋاقلارنىڭ ھەممىسىدە جۇڭگونىڭ قاچا ـ قۇچىلىرىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. جۇڭگو بازارلىرى خەلقئارا بازارلار بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كېتىدۇ» ...

«كۈنلۈك ئۇچۇر گېزىتى» جۇڭگونىڭWTO غا كىرگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ئۈستىدە توختالغان ۋاقىتتا ئىشەنچ ھەم ئۈمىدكە تولغان ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى يازدى: «جۇڭگو WTO غا قاتناشقاندىن كېيىن كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ماھىيەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ياپونىيىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ ۋە باشقا ماللىرىنىڭ باھاسى بىر كېچىدىلا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بىزگە تونۇش بولغان ھەم تونۇش بولمىغان كۆپلىگەن چەت ئەل ماللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ ھەممە جاينى قاپلايدۇ. ئەگەر سىز ماشىنا سېتىۋالماقچى بولسىڭىز ئەسلىدىكى باھاسى يۈز نەچچە مىڭ يۈەنلىك «سانتانا» باھاسى ئەرزان، سۈپىتى ياخشى، كۆركەم چەت ئەل ماشىنىلىرى ئالدىدا ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى يوقىتىدۇ. ئۇ چاغدا تاللاپ يۈرۈپ كۆڭلىڭىزگە ياققان ماشىنىنى سېتىۋالالايسىز» ... بۇنداق خەۋەرلەر تارقىلىپ ھازىرغا قەدەر يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى ، . ئەگەر بىز ئەمدى قولىمىزغا شۇ ۋاقىتتىكى گېزىتنى

ئېلىپ ئەنە شۇ خەۋەرلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق ئىنتايىن كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ.

نۆۋەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلق ئاممىسى WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن زادى نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ دېگەن سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋابمۇ بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا. بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىختىساسشۇناسلار ھەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قاراشلىرى مۇنداق:

1. جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن خەلقئارا بايلىق مەنبەلىرىنىڭ مۇۋاپىق تەقسىملىنىشى قەدەممۇقەدەم ئەمەلگە ئېشىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ. ھازىرقى ئىقتىساد يەرشارىلاشقان ئەھۋالدا جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭمۇ يەرشارىلىشىشى تېزلىشىپ، دۆلەت ئىچىدىكى بايلىق مەنبەلىرى خەلقئارادىكى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئومۇمىي ئېقىمغا ماسلىشىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەمگەك كۈچلىرى، يەر بايلىق مەنبەلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق كونترولى قاتارلىقلار چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى ھەم ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىلەن ئۆزئارا بىر- بىرىنى تولۇقلاپ جۇڭگو ئىقتىسادىنى تېز تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، جۇڭگونىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىمۇ زور دەرىجىدە تېزلىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، تېخىمۇ كۆپ ساندىكى ئىشچىلار ئىشتىن ئايرىلىدۇ. بانكىلاردىكى قالايمىقان ھېساباتلار كۆپىيىدۇ، بۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋال.

بىراق ئۇ گەرچە بىر قىسىم قىيىنچىلىق زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلسىمۇ، لېكىن جۇڭگو پىلانلىق ئىگىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان بويۇنتۇرۇق، ناچار ئاقىۋەتلەردىن قۇتۇلىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا نوقۇل دۆلەت ئىچىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا يۆلەنگەندە مەسىلە ئۈزۈل- كېسىل بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى خەلقئارا تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

2. جۇڭگونىڭ WTO ئەزا بولۇپ كىرىشى بىلەن جۇڭگوغا كىرىدىغان چەت ئەل مەبلەغلىرى كۆپىيىدۇ. بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، ئاسىيادىكى سىنگاپور، كورېيە قاتارلىق دۆلەتلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ھېسابلانمىغىنى ئۈچۈن، كۆپلىگەن چەت ئەل سودىگەرلىرى جۇڭگوغا كېلىپ مەبلەغ سالىدۇ.

3. جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن چەت ئەللەرگە كەمسىتىش خاراكتېرلىك مۇئامىلىلەردىن قۇتۇلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان ئاتالمىش «سودىدا ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت» (ئۆتكەن يىلى نورمال سودىغا ئۆزگەرتىلدى) سىياسىتى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئاتالمىش كەمسىتىش خاراكتېرلىك سىياسەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىياسەت ھەر يىلى بىر قېتىم تەكشۈرۈلىدۇ. جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن كۆپ تەرەپلىمە، مەڭگۈلۈك ئېتىبار بېرىلىدىغان سىياسەتلەردىن (مۇئامىلىدىن) بەھرىمەن بولالايدۇ. ئامېرىكا جۇڭگوغا قاراتقان كەمسىتىش خاراكتېرلىك مۇئامىلىلىرىنى، سىياسەتلىرىنى يىغىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

4. جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن خەلقئارا سودىدىكى تالاش- تارتىشلارنى سودا تەشكىلاتى قارىمىقىدىكى كېسىم قىلىش ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئادىل ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

يېقىندىن بېرى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قارىمىقىدىكى كېسىم قىلىش ئورگانلىرى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تالاش- تارتىشلارنى ئۈنۈملۈك، ئادىل ھەل قىلىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھوقۇق- مەنپەئەتلىرىنى قوغدىماقتا. جۇڭگو WTO غا قاتناشقاندىن كېيىن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىدىكى جۇڭگوغا ئىشلەتكەن بېسىملىرىمۇ ئازىيىدۇ ھەم جۇڭگونىڭ خەلقئارا سودا قائىدە- تۈزۈملىرىنى بېكىتىش جەھەتتە ئۆز مەۋقىيىتىنى ئىزاھلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ.

جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەزالىرىنىڭ بىرى ھەم سىياسىي جەھەتتە چوڭ دۆلەت. شۇڭا ئۇ بارلىق خەلقئارا تەشكىلاتلاردا ئۆز پىكىر- تەلەپلىرىنى، قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى شەرت. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندە ئەنە شۇ مۇھىم ئىقتىسادىي بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئۆز مەيدانىنى شەرھلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، دۇنيا سودا قائىدە- تۈزۈملىرىنى ئىجرا

قىلىش جەريانىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئۇ دۆلەتلەرگە پايدىسىز لايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى توسىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

جۇڭگونىڭ WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندە ئېرىشىدىغان پايدا ـ مەنپەئەتلىرى ھەققىدە دۆلەت ئىچىدە مىقدارى تەھلىل، مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك، چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھېساباتلىرىغا قارىغاندا، جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (GDP) % 2 ئەتراپىدا ئېشىپ، ئۇ ئارقىلىق خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى يارىتىلىشى بولىدىكەن...

2 . جۇڭگونىڭ WTO ئەزا بولۇپ كىرىشتىكى توسالغۇلار

(1) جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ:

جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى مۇھاكىمە قىلىشتىن بۇرۇن، بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇنقى، ئەنە شۇ مەسىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قىسىم مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز:

1947 ـ يىلى جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ دەسلەپكى گەۋدىسى بولغان «دۇنيا باج ـ سودا ئومۇمىي كېلىشىمى» گە ئىمزا قويۇپ، بۇ تەشكىلاتنى قۇرغان 23 دۆلەتنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى. 1986 ـ يىلى جۇڭگو بۇ تەشكىلاتقا قايتا كىرىش ھەققىدە سۆھبەتلىشىشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، ھەر خىل سەۋەب، توسالغۇلار تۈپەيلىدىن بۇ سۆھبەت تا ھازىرغىچە ئاياغلاشمىدى. زۇڭلى جۇرۇڭجى 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىكى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئەنە شۇ سۆھبەت ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ھەقتە بىز ئۇدا 3 يىل سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق، بۇ جەرياندا قارا چاچلىرىمىز ئاقىرىپ كەتتى، لېكىن بۇ سۆھبەت تېخى ئاخىرلاشمىدى. ئەمدى بۇ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى». يېقىندىن بېرى كۆپلىگەن كىشىلەر ئالاقىدار تارماق مەسئۇللىرىدىن جۇڭگونىڭ WTO غا قايتا كىرىشى زادى نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن، بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى زادى نەدە؟ دەپ سوراشماقتا. بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ، تېخنىكا ھەم سىياسى سەۋەبلەر بار. ھەممىدىن بۇرۇن جۇڭگو بىلەن بۇ تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئەزالىرى بولۇپمۇ ئامېرىكا بىلەن بولغان ئىختىلاپ بىر قەدەر چوڭ. بۇنىڭدىكى تۈگۈن جۇڭگونىڭ قانداق سالاھىيەت بىلەن WTO غا ئەزا بولۇپ كىرىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

جۇڭگو ئەمەلىي ئەھۋالنى يەنى ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىشنى تەلەپ قىلسا، WTO نىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى: «جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي كۈچى زور بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋىيىسى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىپ قالدى. كۆپلىگەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ رىقابەت كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، شۇڭا ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن تەرەققىي تاپقان دۆلەت سۈپىتىدە قاتنىشىشى كېرەك» دەپ قارىماقتا. ھازىرقى ئىختىلاپلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

A. چېگرا بېجىنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسى

WTO غا ئەزا بىر قىسىم دۆلەتلەر جۇڭگودىن يېقىندىن كۈللىنىۋاتقان سانائەت مەھسۇلاتلىرى جۈملىدىن ماشىنا قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدىغان قوغداش خاراكتېرلىك ئەڭ يۇقىرى باج چېكىنى % 40 ئەتراپىدا كونترول قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا، جۇڭگو بولسا مىللىي سانائەتنى يېقىش قىلغان ھالدا شۇنداق مەھسۇلاتلاردىن ئېلىنىدىغان چېگرا بېجىنى % 80 ئەتراپىدا كونترول قىلىشتا چىڭ تۇرماقتا. ئەمەلىيەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى ئەنە شۇنداق باجنى كۆپ قېتىم تۆۋەنلەتتى، چېگرىدىن كىرگەن ماللاردىن ئېلىنىدىغان ئومۇمىي باجنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنى % 43 تىن 17% كە چۈشۈردى، بىر ـ ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ نىسبەت يەنە % 15 كە چۈشۈشى مۇمكىن، ھازىرقى ئىمپورت قىلىنىۋاتقان تاۋارلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرىچە باج تېخىمۇ تۆۋەنلەپ % 10 كە چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ خىل تۆۋەنلەش يېقىنقى كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئارىلىقىنى تېخىمۇ قىسقارتىشى مۇمكىن.

B باج بىلەن مۇناسىۋەتسىز باشقا مەسىلىلەر

بىر قىسىم دۆلەتلەر «جۇڭگو نۆۋەتتە WTO

نىڭ ئۇستاۋىغا ماس كەلمەيدىغان كۆپلىگەن چەكلەش خاراكتېرلىك باشقۇرۇش چارىلىرىنى ساقلاپ قېلىۋاتىدۇ، جۇڭگو مۇنداق چارىلەرنى، ئىمپورتتا مەۋجۇت بولۇۋاتقان باج بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان توساقلارنى جۈملىدىن ئىمپورت مىقدارىغا چەك قويۇش، رۇخسەت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەمەلدىن قىلىش ۋاقتىنى بېكىتىشى شەرت» دېگەنلەرنى تەلەپ قىلماقتا. ئەمەلىيەتتە، 1992 ـ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىمپورتقا رۇخسەت قىلىش تۈزۈمى ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان تاۋار تۈرىنى 53 كە، ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان باج تۈرىنى 743 كە چۈشۈرگەنىدى. 1998 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنە شۇنداق تاۋار تۈرى 35 كە، باج 376 كە تۆۋەنلىدى. يەنى ئەنە شۇنداق چەكلەش خاراكتېرلىك چارە ـ تەدبىرلەرنى بىكار قىلىنىشتا زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بۇنىڭدىن رازى بولمايۋاتىدۇ.

C مۇلازىمەت سودىسى مەسىلىسى

سۆھبەت جەريانىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى 15 ساھەگە قاراشلىق بولغان 37 مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ئېچىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۆھبەتكە قاتناشقان باشقا دۆلەتلەر «جۇڭگونىڭ مۇلازىمەت تۈرلىرىنى ئېچىۋېتىش دائىرىسى كەڭ بولمىدى، كۆپلىگەن قوشۇمچە چەكلەش خاراكتېرلىك شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئېچىۋېتىلىدىغان تۈرلەرنىڭ سانى، رايون، كەسىپ دائىرىسى قاتارلىقلارغا چەك قويدى» دەپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن تېلېگراف، سۇغۇرتا، پۇل مۇئامىلە، پارچە ھەم توپ سېتىش، ئايروپىلان ترانسپورتى قاتارلىق مۇھىم ساھەلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپلەرنى دەرھال قاندۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

D ئالاھىدە قائىدە ـ تۈزۈم مەسىلىسى

يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى سۆھبەتلەردە ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىشىدىكى قىسمەن ماددىلار جۈملىدىن كەمسىتىش بولمىغان ماددىلار ئەدلىيە، تاشقى سودا تىجارىتى، مۇپەتتىش قىلىش قاتارلىقلاردا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. لېكىن بىر قىسىم ئاساسلىق سۆھبەتداشلار WTO غا مۇناسىۋەتسىز بەزى تەلەپلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويدى، بۇلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ تەلەپلەر ئاساسىي مەسىلىدىن چەتنەپ كەتكىنى ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىشىگە 133 ئەزا دۆلەتلەر قوشۇلۇشى شەرت. نۆۋەتتە، ياپونىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق مۇھىم دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگودىن ئىمپورت قىلغان تاۋار مىقدارىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ جۇڭگودىن ئۇلار ئۈچۈن بازارلارنى تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىشنى تەلەپ قىلماقتا.

3. پۇرسەت ۋە خىرىسلار

1993 ـ يىلىنىڭ ئۆزىدىلا «ئىقتىساد گېزىتى» ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىن پۈتۈن جۇڭگو جەمئىيىتى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ، ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىدىن باشلاپ قانۇن ـ تۈزۈم، نوپۇس، باھا، ئاگىسىيە، ئىنفلياتسىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى زەربىدىن خالىي بولالمايدۇ. مائاش، پاراۋانلىق، كۆز قاراش، كۈندىلىك مەشغۇلات، سىياسەت، كۈتكۈچىلىك كەسىپلىرى، بىرەر كەسپىي قاتارلىقلارمۇ تېزلا كۆزدىن يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى جۇڭگو يەنە ناھايىتى كەسكىن رىقابەت ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ».

ئەمەلىيەتتە جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىن ھەر قايسى تەرەپلەردە مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئومۇميۈزلۈك ۋە سىترىئولۇق زەربىگە ئۇچرىشىدىن تاشقىرى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئېرىشىدۇ. بۇلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. بۈگۈنكى كۈندە ھەممىنىڭ كۆزى چۈشۈۋاتقان ئالاھىدە رايونلار دەرھال ئەمەلدىن قالىدۇ.

جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن سىياسەت، قانۇن ـ تۈزۈم، سودا قاتارلىقلارنىڭ بىر گەۋدىلىشىشى سەۋەبلىك، بۇرۇنقى ئالاھىدە سىياسەت، ئېتىبار بېرىشلاردىن باشقا جايلاردىكى ھۆكۈمەت، كارخانىلارنىڭ ھەممىسى بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان دەۋر يېتىپ كېلىدۇ.

2. جۇڭگو چەت ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇ-

رولىنى تەڭشەش جەھەتتىكى ياردىمگە ئېرىشىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر «جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن چولڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ئىسلى كۆرۈلمىگەن رىقابەت، خىرىسقا دۇچ كېلىدۇ، نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئېغىر ئىشسىزلىق، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى مەسىلىلەر بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ» دەپ قارىماقتا. ھەقىقەتەن مۇنداق ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش قىيىن، بۇلار مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىمپورتنىڭ كۆپىيىشى ۋاستىلىك ھالدا ئېكسپورت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ناچار تەسىر كۆرسىتىپ، بىر قىسىم ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سالغان كارخانىلار زىيان تارتىشى مۇمكىن. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، ئېچىۋېتىش ۋە ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ئېكسپورت مىقدارىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن WTO غا كىرىش تاشقى سودا ۋە پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە پايدىلىق. ئۇ جۇڭگوغا دۆلەت ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلارنى ئىمپورت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ مىقداردا ئېكسپورت قىلىش، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىدىكى بايلىق مەنبەلىرىنى ئۈنۈملۈك تەقسىملەش، ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈشكە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن جۇڭگو كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ.

3. ئۈچىنچى كەسىپ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىدۇ.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئېلان قىلغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، دۇنيادىكى ستاتىستىكا مەلۇماتلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل، تولۇق بولغان 128 دۆلەت ئىچىدە جۇڭگونىڭ 3 ـ كەسپى ئىزچىل ھالدا ئاخىرىدىن سانىغاندا ئون نەچچىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا بويىچە مۇلازىمەت سودىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 8 تىرلىيون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ھەر يىلى % 10 تىن كۆپرەك تېزلىك بىلەن ئۆسۈپ بارغان. دېمەك ئۇنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى خەلقئارا تاۋار سودىسىنىڭ مىقدارىنىڭ ھەشتىن بىرىگە توغرا كەلگەن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلغان. جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن 3 ـ كەسىپ ئىنتايىن ئەۋزەل تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئالدىنقىلارنى قوغلاپ يېتىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب جۇڭگونىڭ 3 ـ كەسپى باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە:

A. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر 3 ـ كەسپىنىڭ ئۈرنەكلىك رولى (كۈچى).

B. خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشلارنىڭ 3 ـ كەسپكە بولغان بېسىمى.

C. مۇلازىمەت كەسپىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈش ئاساسى.

خەلقئارا باج ـ سودا ئوروگىۋاي سۆھبىتىدە دۆلىتىمىز مۇلازىمەت كەسپىنى ئېچىۋېتىشكە ۋەدە قىلدى. نۆۋەتتە، چەت ئەللەرنىڭ مۇلازىمەت كەسپى جۇڭگوغا كىرىپ چولڭ تىپتىكى سودا سارايلىرى قۇرۇشقا، بانكىلارنى ئېچىشقا، تۆمۈر يوللارنى ياساشقا قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار دۆلىتىمىز 3 ـ كەسپىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشكە باشلىدى.

D. ھەر بىر جۇڭگولۇققا پۇرسەت ۋە خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەگەر سىز بىر ئادەتتىكى ئىشچى بولسىڭىز، جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىنكى ۋەزىيەتنىڭ سىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە سەل قارىماڭ. چۈنكى سىز چوقۇم ئۇنىڭ زەربىسىگە، تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايسىز، چۈنكى سىز ئىشلەۋاتقان ئورۇندا ئىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىشلەر سىزگە پۇرسەتمۇ، خىرىسمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. پۇرسەت دېگەندە سىز تېخىمۇ كۆپ مائاش ئېلىشىڭىز مۇمكىن، خىرىس دېگەندە سىز ئىشلىگەن، ئۇن ئىشلىگان دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردىكى ئارتۇقچى خادىملار قاتارىغا كىرىپ ئىشسىز قىلىنىشىڭىز مۇمكىن. بۇ سىزنىڭ تېخنىكا، بىلىم سەۋىيە ھەم ئىقتىدارىڭىزنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە باغلىق، شۇ-

نىڭ ئۈچۈن سىز ھازىردىن باشلاپ كىرىزىس تۇيغۇسىدا بولۇشىڭىز لازىم.

ئەگەر سىز بىر ئوقۇغۇچى بولسىڭىز چوقۇم ئەستايىدىل جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تېخىمۇ كۆپ زامانىۋى بىلىملەرنى ئىگىلىشىڭىز، جانلىق تەپەككۇر، ئۇنىۋېرسال ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشىڭىز لازىم. WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ھازىرقىدەك بىلىمنىڭ قىممىتى تۆۋەن بولۇش، ئوقۇپ كۆپ بىلىم ئالغاننىڭ كۆپ پايدىسى بولماسلىقتەك ئەھۋالدا قەدەممۇقەدەم زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. نۆۋەتتە، بىز ئۇچۇر جەمئىيىتىدە بىلىم كۈچ ۋە ئەڭ ئاكتىپ كاپىتالغا ئايلانغان ۋەزىيەتتە ياشىماقتىمىز. بۇ خىل ئەھۋال جۇڭگودىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىدۇ. بىلىم ئاساسى مۇستەھكەم، چوڭقۇر كىشىلەر كەسكىن رىقابەت جەريانىدا باشتىن ئاخىر تەشەببۇسكار ھەم ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئوقۇغۇچى بۇ خىل پۇرسەت ھەم خىرىسنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق كۆرۈشى شەرت.

ئەگەر سىز بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولسىڭىز، مەيلى ئەمەلدا بولۇڭ ۋە ئادەتتىكى خىزمەتچى بولۇڭ، تۆمۈر تاۋار كۆز قارىشى، ئەمەلدارلىق كېبىرىڭىزنى تاشلاپ بۇرۇنراق تۆۋەنگە چۈشۈپ ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشىڭىز لازىم. چۈنكى جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بەكمۇ كېلەڭسىز، ئۈنۈمى بەكمۇ تۆۋەن، شۇڭا ئورگان ئىسلاھاتى چوقۇم ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ جەرياندا كۆپلىگەن ئەمەلدار، خىزمەتچىلەر قىسقارتىلىدۇ، يۆتكىۋېتىلىدۇ. نۆۋەتتە، ھۆكۈمەت مالىيىسى ئارقىلىق بېقىلىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش، ئورگانلارنى ئىخچاملاش پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئېلىپ بېرىلماقتا. شۇڭا قىسقارتىشنى كۈتۈپ تۇرماي بۇرۇنراق ئويغىنىپ، ئىشتىن ئايرىلىپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، باشقا ئىشقا تىرىشىپ، مەلۇم بىر كەسىپتە پۇت دەسسەپ تۇرۇشقا ئىنتىلىشىڭىز لازىم.

ئەگەر سىز ئادەتتىكى پۇقرا بولسىڭىز، جۇڭگو WTO غا ئەزا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن سىز ئۈچۈن كۆپلىگەن ياخشى پۇرسەت يارىتىلىدۇ. سىز ئەنە شۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلسىڭىز ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو WTO غا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ 3 - كەسپى ناھايىتى ئۈمىدلىك، چوڭ ساھەگە ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ مۇلازىمەت كەسپى چوڭ بىر ئالتۇن تاغقا ئوخشاش ئېچىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بايلىق مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. ترانسپورت كەسپى، كومپيۇتېر ئۇچۇر كەسپى، ئىقتىدار مائارىپى كەسپى، ساياھەت ھەم دەم ئېلىش كەسپى، داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش كەسپى قاتارلىقلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئەگەر سىز بىر دېھقان بولسىڭىز، جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىشى سىز ئۈچۈن باي بولۇشنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئامېرىكا بىلەن ئىمزالىغان يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كېلىشىمى ھەم جۇڭگونىڭ WTO غا كىرىش ھەققىدىكى بىرلەشمە ئاخباراتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، جۇڭگو چەت ئەللەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىغا كەڭ كۆلەمدە كىرىپ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ساتالايدۇ. بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ ...

ئامېرىكا ئىقتىسادشۇناسلىرى: «ئەگەر جۇڭگو WTO غا كىرسە شياڭگاڭمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. جۇڭگونىڭ تاۋارلارنى يۆتكەش سودا مەركىزى بولۇش ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ» دەپ قاراشماقتا.

ئومۇمەن بۇنىڭدا دەسلەپكى مەزگىللەردە جۇڭگو ئۈچۈن پايدىسىز ئەھۋاللار يۈز بەرسىمۇ، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگو ھەقىقەتەن سىياسىي ئىقتىساد، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە زور پايدىغا ئېرىشىدۇ.

*(ئاپتور شىنجاڭ قوراللىق ساقچى قىسىم ئۈرۈمچى كوماندىرلارنى يېتىشتۈرۈش مەكتىپى سىياسىي كافېدراسىدىن)*



# دەۋالىشىش سۇرۇكى بىلەن دەۋا قىلىش ۋاقتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟

مەھەممەتجان غوپۇر



دەۋالىشىش سۇرۇكى بولسا ھوقۇق-مەنپەئەتكە ئىگە بولىدىغان ھەقدار كىشى قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت سۇرۇكى ئىچىدە ئەگەر ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزمىسە سوت مەھكىمىسىدىن ئۆز تەلىپىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالىدىغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

دەۋالىشىش ۋاقتى بولسا قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە دەۋا قىلىش كېرەك، ئەگەر قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن ئاشۇرۇۋېتىپ دەۋا قىلسا، بۇ دەۋا قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. دېمەك، دەۋالىشىش سۇرۇكى بىلەن دەۋا قىلىش ۋاقتى ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، بۇلارنىڭ پەرقى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ.


1. دەۋالىشىش سۇرۇكى گەۋدە مەسىلىسى يەنى سۇبستانسىيە مەسىلىسى بولۇپ، ئۇ سۇبستانسىيە قانۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دەۋا قىلىش ۋاقتى تەرتىپ مەسىلىسى بولۇپ، بۇ نۇقتا ئېتىراز بىلدۈرۈش ۋاقتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما دەۋا قىلىش ۋاقتى توغرىسىدا سۇبستانسىيە قانۇنى ۋە تەرتىپ قانۇنىدىمۇ ئوخشاش بەلگىلىمە بار.


2. دەۋالىشىش سۇرۇكىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا، ئۈزۈپ قويۇشقا ۋە ئۇزارتىشقا بولىدۇ. ئەمما قانۇندا بەلگىلەنگەن دەۋا قىلىش ۋاقتىنى پەقەت ئۇزارتىشقىلا بولىدۇ، ئاخىرلاشتۇرۇشقا، ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

3. دەۋالىشىش ۋاقتى توشقاندا ھەقدارنىڭ دەۋا قىلىپ يېڭىش ھوقۇقى سۇبستانسىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا يوقالغان بولىدۇ. لېكىن دەۋا قىلىش ھوقۇقى (ئەرز قىلىش ھوقۇقى) تەرتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا يەنىلا ساقلانغان بولىدۇ.

4. دەۋاگەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن دەۋالىشىش سۇرۇكى ھەققىدىكى دەۋا تەلىپىنى خەلق سوت مەھكىمىسى سۇبستانسىيە جەھەتتىن ھۆكۈم ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەمما دەۋاگەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن دەۋا قىلىش ۋاقتىغا نىسبەتەن قىلغان دەۋا تەلىپىنى خەلق سوت مەھكىمىسى كېسىم ئارقىلىق قوبۇل قىلمايدۇ ياكى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

***(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)***





# دەۋانى قانداق قىلىش كېرەك؟

قانۇن ئېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر جېدەل-ماجىرالىغا يولۇقسا سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ بىر كەسكىن ئەدلىيە پائالىيىتى بولۇپ، قانۇندا بىر تۇتاش مۇكەممەل تەرتىپ بەلگىلەنگەن، ھەرقانداق كىشى مۇشۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك.

## سوت مەھكىمىسى ھەممىنى باشقۇرۇۋەرمەيدۇ

سوت مەھكىمىسىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش دائىرىسىنى مۇنداق ئۈچ چوڭ تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرىنچىسى، جىنايى ئىشلار دەۋاسى، بۇ دەۋا دۆلەت نامىدا شىكايەت قىلىنغان دەۋا ۋە ئۆزى ئەرز قىلغان دەۋا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە جىنايەت شەكىللەندۈرگەن قىلمىشلار بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئىككىنچىسى، ھەق تەلەپ دەۋاسى، بۇنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، خەلق ئىچىدىكى ئادەتتىكى ماجىرالار، مەسىلەن، نىكاھتىن ئاجرىشىش، مال-مۈلۈك تالاش-تارتىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ خىل دەۋا دائىرىسىگە كىرىدۇ. قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، باراۋەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى شەخس، مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتى ھەق تەلەپ دەۋاسى ئارقىلىق كېلىشتۈرۈلىدۇ. ئۈچىنچىسى، مەمۇرىي دەۋا، بۇ «پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئەرز قىلىش» دېلوسىدۇر. بۇ پۇقرا، قانۇنىي ۋەكىل ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى بىلەن بولغان تالاش-تارتىشى، مەلۇم دائىرە ئىچىدە سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلغان ھەق تەلەپ دەۋاسىدۇر. شۇڭا، سىز «دەۋالاشقىلى» بارغان ۋاقتىڭىزدا، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئىش توغرىلىق دەۋا قىلماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىڭىز، سىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنىڭ سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە تەۋە ياكى تەۋە ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشىڭىز لازىم. سوت مەھكىمىسى باشقۇرمايدىغان ئىش بولسا، سوت مەھكىمىسىگە بېرىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى، سوت مەھكىمىسى دېلونى قوبۇل قىلمىسا، بىكار ئاۋارە بولىسىز.

## قايسى دەرۋازا چوڭ بولسا شۇ يەرگە بېرىۋالماسلىق كېرەك

قانۇندا سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلونى بىر تەرەپ قىلىشقا ئېنىق ھوقۇق بېرىلگەن، شۇڭا ئۆزى خالىغانچە بۇ دائىرىدىن ھالقىپ كەتسە بولمايدۇ، بۇ قانۇندا «ھوقۇق تەۋەلىكى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئېنىق فۇنكسىيىسى بار. سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكى ئاساسەن دەرىجە تەۋەلىكى، رايون تەۋەلىكى ۋە ئالاھىدە تەۋەلىك دەپ ئايرىلىدۇ. دەرىجە تەۋەلىكى دېگىنىمىز قايسى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ نېمىنى باشقۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە چوڭراق دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە بولىدۇ. باشقا ئادەتتىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش ناھىيە دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدە بولىدۇ. رايون تەۋەلىكى دېگىنىمىز تەڭ دەرىجىلىك سوت مەھكىمىلىرىدىن قايسىسىنىڭ باشقۇرىدىغانلىقىنى ئايرىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەق تەلەپ دەۋاسىدا جاۋابكار قەيەردە بولسا، شۇ يەردىكى سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئەرز قىلىش كېرەك. ئالاھىدە تەۋەلىك

دېگىنىمىز ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلونى قانداق بىر تەرەپ قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مۇقىم مۈلۈككە دائىر ئەرزنى مۇقىم مۈلۈك تۇرۇشلۇق جايدىكى سوت مەھكىمىسىگە سۇنۇش كېرەك. قايسى سوت مەھكىمىسى چوڭ بولسا شۇ يەرگە بېرىۋېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا بىكار ئاۋارە بولغىنىڭ ئۈستىگە ئىشلىرىڭىزغا دەخلى قىلىپ قويىسىز.

**دەۋا قىلىشتا كىم ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىغانلىقىڭىزنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىڭىز كېرەك**

قانۇندا ئەرز قىلىنغۇچى ئېنىق بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن. ئەرز قىلىنغۇچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسىنىمۇ بىلمىسىڭىز، زادى كىم ئۈستىدىن ئەرز قىلىسىز؟ ياكى ئىسىم ـ فامىلىسىنىلا بىلىپ، قەيەرلىكلىكى، ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى بىلمىسىڭىز ئوخشاشلا كىم ئۈستىدىن ئەرز قىلىسىز؟ جاۋابكارنىڭ لاياقەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقى بۇ بىر تەرەپ، سىز «دەۋاگەر» دىمۇ دەۋاگەرگە خاس لاياقەت بولۇشى، ئاساسىي سالاھىيەتنى ھازىرلىغان بولۇشىڭىز كېرەك. ئۆزى بىلەن قانۇندا بىۋاسىتە پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى بولغانلار، ياش پەرقى چوڭ ياكى روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار كېسەل مەزگىلىدە، لاياقەتلىك دەۋاگەر بولالمايدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز نامىدىن دەۋا قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ ھامىيسى ۋەكىل بولسا بولىدۇ.

**دەۋا قىلىشتا دەلىل ـ ئىسپات بولۇشى كېرەك**

سوت مەھكىمىسى دېلونى بىر تەرەپ قىلىشتا پاكىتقا تايىنىدۇ، بۇ ھەممىمىزگە ئايان. دۆلىتىمىز قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، ھوقۇقىڭىزنى قوغدىماقچى بولسىڭىز، ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتەلمەيدىكەنسىز، دەۋادا يېڭىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىسىز. دەرۋەقە، بۇ سودىيەلەر پاكىتنى ئازراقمۇ تەكشۈرمەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس، ئەگەر سىزنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئامالىڭىز بولمىسا ياكى دەلىل ـ ئىسپاتنى قولغا كەلتۈرۈشتە قىيىنچىلىق بولسا، سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ، دەلىل ـ ئىسپاتنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. سودىيەلەرمۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، ئۆزلۈكىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ دەلىل ـ ئىسپات ئىزدەيدۇ. ئەمما ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا ئۆزىڭىزگە تايىنىشىڭىز كېرەك. شۇڭا، سىز دەۋا قىلىشنى قارار قىلغان ۋاقتىڭىزدا، ئامالىنىڭ بارىچە دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تولۇق تەييارلىشىڭىز كېرەك. مەمۇرىي دەۋادا، دەلىل ـ ئىسپات كۆرسىتىشكە مەمۇرىي ئورگان مەسئۇل بولىدۇ.

**دەۋا قىلىشتا ئەرز قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك**

دەۋانىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى دېگىنىمىز، ھەقدارنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە ھوقۇقىنى يۈرگۈزمەسلىكى يەنى سوت مەھكىمىسىدىن دەۋا تەرتىپىگە ئاساسەن مەجبۇرىيەت ئۆتىگۈچىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى مەجبۇرىي ئادا قىلدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن دەۋا قىلىش مەزگىلى ۋاقتى دەۋانىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقدارنىڭ سوت مەھكىمىسىدىن دەۋا تەرتىپى بويىچە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى تەلەپ قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاقتىتۇر. ئۈنۈملۈك ۋاقىتتىن ھالقىپ كەتكەندە ھەقدارنىڭ پاكىت ئاساسلىرى بولسىمۇ، دەۋادا قارشى تەرەپكە ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ، شۇڭا، بىرەر ماجىراغا يولۇقۇپ دەۋا قىلماقچى بولسىڭىز دەرھال سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ ئەرز سۇنۇشىڭىز، ھەرگىزمۇ دەۋانىڭ ئۈنۈملۈك ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىڭىز لازىم.

*(«ئىچكى موڭغۇل قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى» ژۇرنىلىنىڭ*
*99 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن)*

*نۇسرەت كېۋىر تەرجىمىسى*

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى ئالىپ ئەرتوڭا

ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىدىيار

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەقەلەرگە باي قەدىمكى تارىخنى يورۇتۇپ بەرگۈچى ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمان شەخسلەر توغرىسىدىكى تۈرلۈك مەرسىيىلەر ۋە داستانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ خىل ئەسەرلەرگە باش قەھرىمان بولغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى «ئالىپ ئەرتوڭا» دۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى بولغان تۇرانلارنىڭ ئالىپ ئەرتوڭا دەپ ئاتالغان بۇ شۆھرەتلىك قەھرىمانىنى ئىرانلىقلار «ئەفراسىياپ» دەپ ئاتىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە تۇرانلىقلار بىلەن ئىرانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق ئۆتمۇشكە ئائىت تارىخىي مۇناسىۋەتلەر ۋە شۇ دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەرگە چېتىشلىق بولغان بۇ تارىخىي شەخس ھەققىدە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە تارىخچىلار بەزى مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە:

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟ ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى يۈرەكلەر يىرتىلماقتا.

(«تۈركى تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى 1 ـ توم 59 ـ بەت)

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلاپ يىغلىشىپ، ياقا يىرتىپ ئاھ ئۇرۇشتى.
چىرقىراپ ئۈنلىرى پۈتۈشۈپ، كۆكسۈپ يىغلاپ كۆزلىرى ئۆرتەلمەكتە.

(«تۈركى تىللار دىۋانى» 2 ـ توم 383 ـ بەت فاكسىمىل نۇسخا)

دېگەن مەزمۇندىكى قوشاقلار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان بۇ خىل قەدىمكى قوشاقلار قامۇستا ئون نەچچە كۇپلېتتىن ئاشىدۇ. بۇ قەھرىماننىڭ نامىدىكى «ئالىپ» سۆزى قەدىمكى تىلدا «باتۇر، قەھرىمان، باھادىر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە: «توڭا» سۆزى «قاپلان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بۇ مىللىي قەھرىمانىنى «قاپلاندەك باتۇر ئەر» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان نام بىلەن «ئالىپ ئەرتوڭا» دەپ ئاتىغان.

«تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ فاكسىمىل نۇسخا 3 ـ توم 605 ـ بېتىدە «توڭا ـ قاپلان. بۇ پىلنى يېڭەلەيدۇ. بۇ نام تۈركلەردە ھازىرغىچە شۇ مەنىدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن، توڭاخان. توڭا تېكىن دېگەندەك. تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى ئەفراسىياپمۇ توڭا ئالىپ ئەر دەپ ئاتالغانىدى» دېگەن مەلۇمات قالدۇرۇلغان بولسا، ئاپتور يەنە ئەسىرىنىڭ 3 ـ توم 513 ـ بېتىدە «قاتۇن — خاتۇن، خانىكە. بۇ ئەفراسىياپنىڭ قىزلىرىغا خاس نام» دەپ خاتىرىلىگەن. «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 3 ـ توم 625 ـ بېتىدە «بارسغان ـ ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان، مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن» ، 1 ـ توم 234 ـ بېتىدە «بارچۇق ـ ئەفراسىياپ قۇرغان بىر شەھەردۇر. ئۇ يەردە بۇختۇ ئەسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» دېگەن ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. ئالىپ ئەرتوڭاغا مۇناسىۋەتلىك بۇ خىل ئۇچۇر ۋە تەپسىلاتلار «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ھەر قايسى توملىرىدا دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. يۇسۇپ خاس ھا-

جىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 9 ـ بابىدىمۇ ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە بىر قىسىم بەدىئىي تەپسىلاتلارنى يازغان.

10 ـ 11 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئىران شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى ئىران ـ ئەجەم خەلقلىرىنىڭ 4000 يىللىق ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخىنى ئىپادىلىگۈچى مەشھۇر داستانى «شاھنامە» گىمۇ ئالىپ ئەرتۇڭاغا ئائىت ۋەقەلەرنى كىرگۈزگەن. بۇ داستاننىڭ «سىياۋۇش» دېگەن قىسمىدا سىياۋۇشنىڭ ئەسلى ئىرانلىق بولسىمۇ ئەفراسىياپ تەرەپكە ئۆتكەنلىكى، كېيىن ئۇنىڭ ئەفراسىياپنىڭ ۋەزىرىگە كۈيئوغۇل بولغانلىقى، سىياۋۇش (ئىران شاھى كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى) نىڭ مۇرەككەپ سەرگۈزەشتىلىرى، ئەفراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرى پىرراتىنىڭ تىنچلىقپەرۋەرلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. «شاھنامە» دە ھېكايە قىلىنغان بۇ ۋەقەلەر مىلادىدىن ئىلگىرى 700 ـ يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 330 ـ يىللارغىچە ھۆكۈم سۈرگەن پارسلار قۇرغان كىيانىيان سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە ئىشلار ئىدى.

قەدىمكى ئىراندا زارو ئاستىر دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان زەردۇشت دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى يازغان «ئاۋېستا» ناملىق كىتابتىمۇ ئەفراسىياپنىڭ نامى خاتىرىلەنگەن. ھىندىلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن «بىكاررو» ناملىق مۇقەددەس كىتابىدىمۇ تۇران خانى ئەفراسىياپ ھەققىدە بەزى بايانلار قەيت قىلىنغان. قەدىمكى يۇناننىڭ تارىخنامىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۈيۈك ساق (ساك. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى) قەھرىمانى ئەفراسىياپنىڭ مېدىيە ھۆكۈمدارى كەيكاۋۇس تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇخىل خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالىپ ئەرتۇڭا (پارسچە نامى ئەفراسىياپ) ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرگە تونۇلغان مەشھۇر شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا (بۇنىڭدىن 2600 يىل ئىلگىرى) ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا خېلى كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تارىخچى نارشەخى (؟ ـ 959) ئۆز كىتابىغا كىرگۈزگەن بىر رىۋايەتتە ئەفراسىياپنى كۆك تۈركلەرنىڭ جەددى ـ بوۋىسى دەپ قارىغان ھەمدە ئەفراسىياپنىڭ ئالىپ ئارىز دېگەن بىر ئوغلىنىڭ تۆمۈر قاپقا (تۆمۈر قوۋۇقمۇ دېيىلىدۇ) نى ئىشغال قىلغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

بىرونى قاتارلىق كىلاسسىك ئاپتورلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئەفراسىياپ ئىران شاھى كەيكاۋۇس تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئىران ئۆلكىلىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 625 ـ يىلى 13 ـ ئاپرېلنى ئەفراسىياپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان كۈن دەپ قاراپ كاتتا بايرام قىلىشقان. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرمۇ ئاشۇ زامانلاردىن باشلاپ ئۆز سەركەردىسى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ قىرەللىك ھالدا ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلىنىپ قالغان ئەفراسىياپ ھەققىدىكى قوشاقلار ئەنە شۇ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باھادىر يېتەكچىسى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ماتىمىگە بېغىشلانغان مەرسىيەنامە ياكى داستانلىرىنىڭ پارچىلىرىدىن ئىبارەت.

شۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، ئالىپ ئەرتۇڭا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق قەدىمكى تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەشھۇر تارىخىي شەخس ھەم ۋەتەنپەرۋەر مىللىي قەھرىمان بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن. ئالىپ ئەرتۇڭا قەدىمكى تۇران خانلىقىنىڭ باتۇر خاقانى ۋە مەشھۇر سەركەردىسى بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇنىڭ قەدەم ئىزى غەربتە ئامۇ ۋە سىر دەريا ۋادىلىرى شەرقتە قەشقەر ۋە تارىم ۋادىلىرى، كىرورەن، جۇڭغارىيە ئېتەكلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىگە يەتكەن. ئۇنىڭ ھەققانىي ئىش ـ ئىزلىرى ۋە خەلقپەرۋەر روھى خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق فولكلور مىراسلىرىدا ساقلىنىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مەدھىيىلىنىپ كەلگەندۇر.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار

(1) «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تىزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

(2) «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخا ۋە فاكسىمىل نۇسخىلىرى.

(3) ئىمىن تۇرسۇن «تارىختىن تامچە» مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

***(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن)***

# قوم دېڭىزىدا ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇۋاتقان دەريابويى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى

ياسىن ھاشىم

كېرىيە ناھىيىسىدىكى دەريابويى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى يېزىلىق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقنى ياخشى يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئاساسىي قاتلام يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى.

دەريابويى يېزىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يېزا بولۇپ، ناھىيە مەركىزىدىن 250 كىلومېتىر كېلىدۇ. 267 ئائىلە، 1365 نوپۇسقا ئىگە بۇ يېزا مەخسۇس چارۋىچىلىق يېزىسى بولۇپ، چارۋىچى ئائىلىلەر يايلاقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشىغا ۋە يايلاقلارغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ئاساسەن ئىنتايىن تارقاق ئولتۇراقلاشقان. دەريابويى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى، يېزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ناچار، خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن جاپالىق بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىزدىنىپ جاپالىق ئىشلەپ ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1. نۆۋەت ئالماشقاندىن كېيىن بۇ ھەيئەت رىياسىتى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى بىر قەدەر پىششىق بىلىدىغان، مىللەت بۆلگۈنچىلىكى ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدىغان، خىزمەت ئىقتىدارى ۋە سىياسىي ساپاسى يۇقىرى ھەيئەت رىياسەت ئەزالىرى بىلەن ۋەكىللەردىن خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ۋەكىللەر خىزمەت گۇرۇپپىسى، قانۇنچىلىق خىزمەت گۇرۇپپىسى، مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت - سەھىيە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەيئەت رىياستىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمەتلىرىگە بولغان تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش ئىشلىرىنى تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

2. نازارەتچىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي خىزمەتلەرنىڭ قانۇن، نىزام بويىچە ئىشلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ۋەكىللەرنى «يايلاق قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈشكە تەشكىللەپ، يايلاقلارنى چارۋىچى ئائىلىلەرگە مۇۋاپىق تەڭشەپ بەرمەسلىك، يايلاق باشقۇرۇش ئىشلىرى قالايمىقان بولۇش، يايلاقلارغا بولغان قانۇنىي ئىگىدارلىق ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەكلىپ بەردى ھەمدە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەڭ چارۋىچى ئائىلىلەرنى يايلاق ماجىراسىدىن تەلتۆكۈس خالاس قىلدى.

3. دەريابويى يېزىسىنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى بولغان توشقانزەدىكى - دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنى سىرتتىن كەلگەنلەر كۆپ كولاپ ئېلىپ كېتىش، دەريابويى چارۋىچىلىرى ئاز كولاش ياكى كولىماسلىق مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى توشقانزەدىكىدىن چارۋىچىلار ئۆزلىرى پايدىلىنىش، سىرتقى جايلاردىن كېلىپ توشقانزەدىكى كولاشقا رۇخسەت قىلماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرگە دائىر تۆت ماددىلىق قارار ماقۇللاپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قەتئىي ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى.

4. مەزمۇنى مول، جانلىق بولغان ۋەكىللەر پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ھەيئەت رىياسىتى چار-

(داۋامى 56 - بەتتە)

# 20 يىلدىن بۇيانقى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى

1978 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا يېڭى ئاساسىي قانۇن (1978 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن) ماقۇللاندى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە توختاپ قالغان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1979 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا تۇنجى قېتىم دۆلەت تەشكىلىنى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان سايلام قانۇنى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى قاتارلىق مۇھىم قانۇنلار تۈزۈلدى.

1979 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 6 ـ يىغىنىدا قانۇنچىلىق كومىتېتى تەسىس قىلىپ، قانۇنچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىش قارار قىلىندى. 1979 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، مەملىكەت بويىچە ناھىيە، يېزىلاردا تۇنجى قېتىم بىۋاسىتە سايلام ئۆتكۈزۈلدى.

1981 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ يىغىنىدا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇننى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» ماقۇللاندى. بۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇننى نازارەت قىلىش جەھەتتە قوللانغان بىر مۇھىم تەدبىرىدۇر.

1982 ـ يىلى 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنىدا يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن (1982 ـ يىلدىكى ئاساسىي قانۇن) ۋە «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ماقۇللاندى. 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن لايىھىسىنى قاراپ چىقىش تەرتىپىنى بېكىتتى.

1985 ـ يىلى لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنيەن ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇنجى بولۇپ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى باھالىدى.

1986 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسى پىڭدىڭشەن شەھىرىنىڭ ۋۇگاڭ رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا تەشكىللىدى. بۇ «جۇڭگو قانۇنچىلىق گېزىتى» تەرىپىدىن شۇ يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى ئون چوڭ تەرەققىياتنىڭ بىرى دەپ ئېلان قىلىندى.

1987 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 23 ـ يىغىنىدا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-

مىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى» ماقۇللاندى.

1988 - يىلى خاڭجۇ شەھىرى شىياخۇ رايونى، شىخۇ رايونىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تۇنجى قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

1989 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى» ماقۇللاندى.

1993 - يىلى 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىدا «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى» تۈزۈپ چىقىلدى.

1994 - يىلى 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا بەش يىللىق قانۇن تۇرغۇزۇش پىلانى تۈزۈلدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

1996 - يىلى 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا تۇنجى قېتىم (1995) مەركەزنىڭ خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، بۇ نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر.


1998 - يىلى 3 - ئايدا 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىملىق كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىدا بۇنىڭدىن كېيىن دائىمىي كومىتېت قانۇن لايىھىسىنى قاراپ چىقىشتا ئادەتتە ئۈچ قېتىم قاراپ چىقىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

1998 - يىل 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇنجى قېتىم قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر ئايدا بىر قېتىم قانۇندىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ.

1998 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئادەتتىكى پۇقرالاردىن 12 كىشى داليەن شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى سىرتتىن ئاڭلىدى. ھازىر لياۋنىڭ ئۆلكىسى، گۇاڭجۇ شەھىرى قاتارلىق جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ خىل سىرتتىن ئاڭلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

*(خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى خەۋىرى ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سانىدىن)*

***نۇسرەت كېۋىر تەرجىمىسى***



### ئىگەچى يېزىسى سىرتتىن توي قىلىپ كەلگەن دېھقانلاردىن ئالىدىغان 300 يۈەن باشقۇرۇش ھەققىنى ئالمايدىغان بولدى

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئىگەچى يېزىلىق پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى سىرتتىن توي قىلىپ كەلگەنلەردىن 300 يۈەندىن باشقۇرۇش ھەققى ئېلىپ نىكاھ ئىشىنى بېجىرىپ، دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى. يېقىندا يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 300 يۈەن باشقۇرۇش ھەققى ئېلىشنىڭ نامۇۋاپىق سېلىق ئىكەنلىكى، بۇ سېلىقنى دەرھال ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا يېزىلىق پارتكومغا دوكلات يوللىدى. پارتكوم دوكلاتنى تەستىقلاپ، 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

(ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىلىق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە پونكىتىدىن ياسىن مەتىمىن)

× × × × ×

### ئونسۇ ناھىيىسى يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالىدى

ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە توققۇز يېزا، بىر بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى خىزمىتى ۋە ناھىيىلىك، يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ باھالىدى.

تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزا (بازار) لىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تارقاتقان «يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا (بازار) نىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، ھەيئەت رىياسىتى يىغىنىنى قەرەلىدە ئېچىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمىتى ھەم ۋەزىپە مەلۇماتىنى باھالاش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگەن. ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەر گۇرۇپپىلىرى ۋەكىللەرنى قەرەللىك ھالدا سىياسىي ئۆگىنىش ۋە قانۇن ئۆگىنىشكە، سايلىغۇچىلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىش، تەكشۈرۈش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىگە تەشكىللەپ، قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى بايقاپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ۋەكىللەرنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئېڭى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆسۈپ، ۋەكىللەر پائالىيىتى يەنىمۇ قېلىپلاشقان ۋە تۈزۈملەشكەن.

(ئونسۇ ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەمەتجان مەتىل)

× × × × ×

### شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى يەتتە يېزا، بىر بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 99 ـ يىل ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاڭلاش، كۆرۈش، سوراش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەتتە يېزا، بىر بازارنىڭ ۋەكىللەر پائالىيەت ئەھۋالى، ھەيئەت رىياسىتىنىڭ سانلىق يىغىنى، قانۇن ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى، ۋەكىللەرنىڭ مەلۇماتىنى باھالاش، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ۋەكىللەر بەرگەن تەكلىپ، لايىھىلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش ئەھۋالى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ «فالۇن گۇڭپىسى» توغرىسىدا چىقارغان قارار، ئۇقتۇرۇشلار ھەم «فالۇن گۇڭپىسى» نى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۆتكەن يېرىم يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە بىر قەدەر ياخشى بولغان يېزىلار پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە

99 ـ يىللىق خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن ۋەكىللەرنى تەشكىللەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە قانۇن، نىزاملارنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. ھەيئەت رىياسەتلىرىنىڭ يىغىنىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېچىپ، قانۇن ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى قانات يايدۇرغان. ھۆججەتلەرنى ئارخىپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىگەن. يېزا ـ بازارلىق پارتكوملارغا ماسلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ـ بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. تەكشۈرۈش داۋامىدا كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىك تەرەپلەر تەنقىد قىلىنىپ، يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاش، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش، باھالاپ سېلىشتۇرۇشنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى.

(شايار ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن نۇردۇن سوپۇر)

× × × × ×

**ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەكىللەرنى فالۇن گوڭپىسىنى تەنقىد قىلىشقا تەشكىللىدى**

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ناھىيە بازىرىدىكى 15 تىن ئارتۇق ۋەكىلنى يىغىپ، فالۇن گوڭپىسىنى تەنقىد قىلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئالدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت، ماتېرىياللار ئۆگىنىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ فالۇن گوڭپىسىنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇشى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يىغىن ئارقىلىق ۋەكىللەر بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا باشلامچى بولۇپ، فالۇن گوڭپىسىدەك قانۇنسىز تەشكىلات ۋە خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ناھىيىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، بىر قىسىم قانۇنسىز دىنىي ئۇنسۇرلار ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن قاتتىق ھوشيار بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

(ئۇلۇغچات ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن ئاقيول)

× × × × ×

**چاقار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى بېجىرىش بىلەن نازارەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى**

چىرا ناھىيىسىنىڭ چاقار يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى بېجىرىش خىزمىتى بىلەن نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

بۇ يىل يەردىن پايدىلىنىش مۇددىتىنىڭ يەنە 30 يىل ئۇزارتىلىش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا بۇ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى بەزى ئاممىدىن كەلگەن «قىسمەن كادىرلار يەرنى ئارتۇق ئىگىلىۋالدى» دېگەن ئەرزىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ مەسىلىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز ۋاقتىدا كادىر كۈچى ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇ يېزىنىڭ لەنگۆي كەنتىدە 197 نوپۇس 72 ئىمگەك كۈچى بولۇپ، يەردىن پايدىلىنىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا، 51 ئائىلە يەر ھۆددە ئالغان. دېھقانلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن، يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياستى بۇ كەنتنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەندە، بەزى ئائىلىنىڭ قىرلىرىدىكى يېرى كاپىيەنگە يېزىلغىنى بىلەن ئۇدۇل ئەمەسلىكىنى، 37 ئائىلىدە 57 .36 مو يەرنىڭ ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، 14 ئائىلىدە 46 .13 مو يەرنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. كەنت بويىچە كاپىيەنگە يېزىلغان 4 .214 مو دېگەن يەرنىڭ ئەمەلىيەتتە 2 .284 مو ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، دېھقانلارنىڭ تۆت قالدۇق يەرلىرىدىنمۇ 18 مو يەرنىڭ كاپىيەنگە يېزىلمىغانلىقىنى، كوللېكتىپ باغ، ئورماندىن 1 .30 مو، مەكتەپ يېرىدىن 3.19 مو، 5% لىك زاپاس يەردىن 58 .13 مو يەرنىڭ كاپىيەنگە يېزىلمىغانلىقىنى، 41 مو يەر دېھقانلارنىڭ قولىدا

بولسىمۇ يەنە كاپىيەنگە يېزىلماي قالغانلىقىنى ئەمە-لىيلەشتۈرۈپ، يەردىن پايدىلىنىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش خىزمىتىنى ئىشلەشتە ساقلانغان بۇ مەسىلىلەرنى بىر يىل كۆزگى بۇغداي تېرىلىشتىن ئىلگىرى دەرھال تۈ-زىتىشكە بۇيرىدى.

(چىرا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەتقۇربان ھوشۇر)

× × × × ×

**غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاسا-سىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت تەج-رىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى چاقىردى**

شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، 11 ـ ئاۋغۇستتىن 13 ـ ئاۋغۇستقىچە ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق خ ق ھەي-ئەت رىياسەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى پائال قانات يايدۇ-رۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەھەللە ئىش باشقارما ۋە-كىللەر بىرلەشمە گۇرۇپپىلىرى مەسئۇلىيىتىنى تې-خىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈ-چۈن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

تەكشۈرۈش ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئې-لىپ بېرىلدى. ھەر قايسى يېزا، بازار، مەھەللە ئىش باشقارمىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ئالدىنقى يېرىم يىللىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. ئاندىن تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلۇپ، خىزمەت ئۇسۇللىرى ئۆگىنىلدى.

(غۇلجا شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن مەرھابا تۇرسۇن)

---

(بېشى 51 ـ بەتتە)

ۋىچى ئائىلىلەرنىڭ ئىنتايىن تارقاق ئولتۇراقلىشى-شىغا قارىماي، بايراملارنى خۇشال ـ خۇرام، مول ـ مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋەكىللەرنى تولۇق قات-ناشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنىڭ باشلامچىلىقىدا تۈرلۈك باي-راملارنىڭ پائالىيەتلىرىنى چۆرىدەپ ئۆگىنىش پائالى-يىتى، تۈرلۈك قانۇن، نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش مەزمۇن قىلىنغان تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەت-لىرىنى ئېلىپ بېرىپ، چارۋىچىلارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم كۆز قارىشى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

5 . ۋەكىللەر ئارىسىدا «خەلقنىڭ ۋەكىلى خەلقنىڭ غېمىنى يەيدۇ، خەلقنىڭ ۋەكىلى خەلقنى سۆيىدۇ» دېيىلگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ھەر بىر ۋەكىل بىردىن ئىككىگىچە بولغان نامرات ئائىلىلەرنى ھۆددە ئېلىپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمە-تىگە ئاكتىپ قاتناشتى.. يىل بېشىدىن ھازىرغىچە 35 نامرات ئائىلىگە 2715 يۈەن نەق پۇل، 250 كىلوگىرام ئاق ئۇن، 25 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 300 كىلوگىرام يەم ـ خەشەك، ئىككى تونىنا قاقتا پىچان ھەقسىز ياردەم قىلىپ، چارۋىچى ئاممىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

(ئاپتور كېرىيە ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)



## توڭلاتقۇ توكىنى تېجەشنىڭ ئۇسۇلى

△ توڭلاتقۇنى ئىسسىقلىق مەنبەسىدىن يىراق، قۇياش نۇرىنىڭ ئۇپرىتىشىغا ئۇچرىمايدىغان سالقىن، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايغا قويۇش لازىم.

△ توڭلاتقۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا بەلگىلىك بوشلۇق قالدۇرۇش لازىم. ئەگەر بوشلۇق بەك كىچىك بولسا هاۋانىڭ ئۆتۈشۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، توڭلاتقۇنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ، توك سەرپىياتى كۆپىيىپ كېتىدۇ.


△ توڭلاتقۇنىڭ ئىسسىقلىق تارقاتقۇچىسىدىكى چاڭ-تozانلارنى مۇددەت بويىچە تازىلاپ تۇرۇش كېرەك. چاڭ-توزان كۆپ يىغىلىپ قالسا، ئىسسىقلىق تارقاتقۇچنىڭ ئىسسىقلىق تارقىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىپ، توڭلىتىش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

△ توڭلاتقۇنىڭ ماگنىتلىق شەكلى ئۆزگىرىپ ھەم ئېتىلىشىگە تەسىر يەتسە، ئۇنى دەرھال رېمونت قىلدۇرۇش ياكى ئالماشتۇرۇش لازىم. بولمىسا توڭلاتقۇدىكى سوغۇق هاۋا سىرتقا تارقىلىپ كېتىدۇ.

△ توڭلاتقۇ ئىچىگە يېمەكلىكلەرنى سالغاندا ئۇلار ئارىسىدا بەلگىلىك بوشلۇق قالدۇرۇش، توڭلاتقۇ ئىچىدە سوغۇق هاۋانىڭ ئايلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش لازىم. مۇز ياسىغاندا ياكى كۆپ مىقداردا ئىچىملىك سالغاندا ئەڭ ياخشىسى كەچتە سېلىش لازىم. بۇنداق قىلغاندا كومپرېسسورنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ توك سەرپىياتىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

△ سوغۇق ساقلاش بۆلۈمچىسىنىڭ ھەر بىر قەۋىتىنىڭ سىرتىغا سۈلياۋ پەردە تۇتۇپ، ھەر قايسى قەۋەتتىكى يېمەكلىكلەرنى ئايرىم-ئايرىم ئىشلەتسە، ئىشىكنى ئاچقاندا سوغۇق گازنىڭ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.





(«تېرمىلەر ھېيتلىك گېزىتى»دىن قەييۇم ئابدۇللا تەرجىمىسى)

## ئۇخلاشقا ياردەم بېرىدىغان يېمەكلىكلەر

ئىسسىق كالا سۈتى: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىر ئىستاكان ئىسسىق كالا سۈتى ئىچىۋەتسىڭىز ئاسانلا ھوزۇرلىنىپ ئۇخلىيالايسىز. بۇرۇن ئويغىنىپ كەتمەيسىز.

مېۋە-چېۋە: ئاپېلسىن، ماندارىن، ئالمىنى كېسىپ ياستۇق يېنىغا قويۇپ قويسىڭىز خۇشپۇراق ھاۋا سىزنى ئۇيقۇغا ئېلىپ كىرىدۇ.

ئاچچىقسۇ: ساياھەت قىلىپ ياكى ھەددىدىن تاشقىرى ھېرىپ كېتىپ ئۇيقىڭىز كەلمىسە، بىر قوشۇق ئاچچىقسۇنى بىر ئىستاكان قايناقسۇغا قوشۇپ ئىچىۋەتسىڭىز ياخشى ئۇخلىيالايسىز.

بولكا: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىر پارچە بولكا يەۋەتسىڭىز ئۆزلۈكىڭىزدىن ئۇخلاپ قالىسىز.

شېكەر سۈيى: ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىر ئىستاكان شېكەر سۈيى ئىچىۋەتسىڭىز ئاسان ئۇخلىيالايسىز.

(«تېرمىلەر ھېيتلىك ژۇرنىلى»دىن قەييۇم ئابدۇللا تەرجىمىسى)


# ھامىلدار ئاياللاردىكى زۇكامنىڭ زىيىنى ۋە دورا ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ماھىرە مۇتەللا

ھامىلدار ئاياللاردىكى زۇكامنىڭ زىيىنى ئاساسلىقى تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تۆرەلمىنىڭ تۇغما غەيرىي بولۇپ قېلىشىدا ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، تۆرەلمىنىڭ بېشى بولماسلىق، مېڭىسى بولماسلىق، مېڭىسىدە سۇ يىغىلىپ قېلىش، تۇغما خاراكتېرلىك قولاق ئاڭلىماسلىق، ئەقلىي قابىلىيىتى تۆۋەن بولۇش قاتارلىقلار. ھازىرقى زامان تىببىي تەتقىقاتى ۋە ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ھامىلدارلىقنىڭ 1 - ئېيىدا ھامىلدار ئايال ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانسا، تۆرەلمىنىڭ تۇغما غەيرىي بولۇش نىسبىتى 50%، 2 - ئېيىدا 25%، 3 - ئېيىدا 17% بولۇپ، 3 - ئېيىدىن كېيىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، زۇكام تۆرەلمىنىڭ دەسلەپكى 3 ئاي مەزگىلىدە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تۆرەلمىنىڭ غەيرىي بولۇش نىسبىتى بەك يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا، ھامىلدار ئاياللار بۇ ۋاقىتتا زۇكام بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

كۆپلىگەن دورىلار ئانا تېنىدىن بالا ھەمرىيى ئارقىلىق تۆرەلمە تېنىگە تەسىر قىلىدۇ. بىر قىسىم دورىلار تېخى تۆرەلمىنى زىيانغا ئۇچرىتىپ تۇغما غەيرىي قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، ھامىلدار ئاياللار ئامال بار دورا ئىشلەتمەسلىكى ياكى ئاز ئىشلىتىشى لازىم. دورا ئىشلىتىش توغرا كەلسە، شۇ ساھەنىڭ نوپۇزلۇق ۋە تەجرىبىلىك دوختۇرلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى لازىم ياكى ئۇسما يىلتىز جەۋھىرى (板蓝根冲剂)، پېنىتسىللىن (青霉素)، لىنناۋ (磷脑)، ئېرىترومىتسىن (红霉素)، لىنكومىتسىن (洁霉素) قاتارلىق دورىلارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى يۇقىرىقى دورىلارنىڭ ھايۋانات ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سىناقلاردا ھامىلىگە زىيانلىق تەسىرىنىڭ كۆرۈلمىگەنلىكى ئىسپاتلانغان. ۋىرۇسقا قارشى دورىلاردىن مەسىلەن، بىڭدۇزو (病毒唑)، موروكسىدىن (病毒灵) قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. باشقا يەنە كانامىتسىن (卡那霉素)، ستىرېپتومىتسىن (链霉素)، تېتراتسىكلىن (四环素)، خلورومىتسېتىن (氯霉素)، ئاسپىرىن (阿司匹林) ۋە سالىتسىلىك كىسلاتا دورا ياسالمىسى (水杨酸制剂) قاتارلىق دورىلارنىڭ ھامىلىگە زىيانلىق تەسىرى بولۇپ، تۆرەلمىنى غەيرىي قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم.

*(ئاپتور تۇرپان شەھىرى يار يېزا دوختۇرخانىسىدىن)*



## «تۆتىنچى خىل ئورمانلىق» نى ئېچىش

ئورمان ئىنسانىيەتنىڭ ئۆپكىسى، ئۇ ئىنسانلارغا ياخشى تورمۇش مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. لېكىن دەل ــ دەرەخلەرنىڭ زور مىقداردا كېسىلىشى بىلەن يەر شارىدىكى ئورمانلىقلار ھەر يىلى % 2 .1 لىك سۈرئەت بىلەن ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مۆلچەرلىنىشچە، پۈتۈن دۇنيادىكى 35% تاۋار ياغاچ ماتېرىيالى قەغەز ياساشقا، % 25 قەغەز بۇيۇمى تاۋارلارنى ئوراشقا ئىشلىتىلىدىكەن. تەرەققىي قىلغان نۇرغۇن دۆلەتلەر تەبىئەتنى تۆۋەنلىتىش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، قەغەز ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان يېڭى بىر خىل خام ئەشيانى ئىزدىمەكتە، يەنە بىر تەرەپتىن، كېرەكسىز قەغەزلەرنى ۋە كېرەكسىز ئورالمىلارنى زور كۈچ بىلەن يىغىۋېلىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانماقتا. ئالىملار كېرەكسىز قەغەز ۋە كېرەكسىز ئورالمىلارنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى «تۆتىنچى خىل ئورمانلىق» نى ئېچىش دەپ ئاتىدى. ئۇلار مۇنداق دەپ قارىدى: ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ئورمانلىق، تەبىئىي ئورمانلىق ۋە تورلۇك سۈنئىي ئورمانلىقتەك ئۈچ خىل «ئورمان بايلىقى» بار. ئەمەلىيەتتە، كىشىلەر تاشلىۋەتكەن كېرەكسىز قەغەز بىلەن كېرەكسىز ئورالمىلار دەل «تۆتىنچى خىل ئورمانلىق» تۇر.

ياۋروپانىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرسىمۇ، ياۋروپالىقلار ئورمانلارنى قوغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىچىملىكلەرنىڭ ئورالمىلىرىنى ئېلىپ ئېيتساق، ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بارلىق سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە مېۋە شەربەتلىرىدىكى يىغىۋېلىنغان قەغەزلەردىن پايدىلىنىپ ئورايدۇ. ياپونىيىنىڭ ئورمان بايلىقى ئانچە مول بولمىسىمۇ، لېكىن ياپونىيىلىكلەرنىڭ «ئورماننى ئالتۇندەك قەدىرلەش» روھى ھەرقانداق دۆلەتنىڭكىدىن كۈچلۈك بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئىشلىتىلىدىغان قەغەزلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلىتىلىدۇ.

«تۆتىنچى خىل ئورمان» نى يىغىۋېلىپ قەغەز ياسىغىلى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىن يەنە تاختاي قاتارلىقلارنى ياساپ، ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكىمۇ بولىدۇ. شۋېتسىيىنىڭ لىلي شىركىتى يېقىندا «سەيلي تاختىيى» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. ئۇلار بۇنى كېرەكسىز قەغەز ئورالمىلارنى ئۇۋۋاپ، يۇيۇپ ئاندىن ئالاھىدە يۇقىرى بېسىم بىلەن پىرىسلاپ ياساپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئادەتتىكى سۈنئىي تالالىق تاختايلاردىن زور دەرىجىدە يۇقىرى، ئۇنى ئائىلە جاھازلىرى ياساش، زىننەتلەش ماتېرىيالى ئىشلەش، ئويۇنچۇق ۋە ياگىراتقۇ ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

شەھەرلىكلەر دېگىنىز ۋە ئورمانلىقلاردىن يىراقتا تۇرسىمۇ، لېكىن «تۆتىنچى خىل ئورمانلىق» ئىچىدە ياشايدۇ، بىز ھەر كۈنى تاشلاپ تۇرىدىغان سانسىز كېرەكسىز قەغەز ۋە كېرەكسىز ئورالمىلار دەل ئۆزىمىزنىڭ يېنىدىكى پۈتمەس ــ تۈگىمەس يوشۇرۇن «چوڭ ئورمانلىق» تۇر. ئەگەر بىز ھەر يىلى كېرەكسىز قەغەز ۋە كېرەكسىز ئورالمىلارنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى يىغىۋالالىساق، 8 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر ئورمان ئاز كېسىلىدۇ. ئەگەر بۈگۈنكى دۇنيادا ئىشلىتىلىۋاتقان بارلىق قەغەزلەرنىڭ يېرىمىنى يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلەتكەندە، يېڭى قەغەزلەرگە بولغان ئېھتىياجنىڭ 70% ىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە 8 مىليون گېكتار ئورماننىڭ كېسىلمىگىنىگە باراۋەر.

**قاھار تەرجىمىسى**

## يىغىن كۆپىيىپ كەتتى

بېيجىڭدا ئېچىلغان بىر يىغىن ئۆلكىگە يېتىپ بارسا نەچچە ئون دولقۇن قوزغايدۇ. مۇشۇنداق بولمىغاندا بۇ دولقۇنغا 300 نەچچە ۋىلايەت، شەھەر 200 دىن ئارتۇق ناھىيە، رايون، 50 مىڭدىن ئارتۇق يېزا- بازار ۋە يەنە مىڭلىغان- ئونمىڭلىغان ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى مەمۇرىي تارماق، نەچچە مىليونلىغان «مالىيە تەمىناتى» يەيدىغان كەسپىي ئورۇنلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرى شۇنداقلا سانىنى ئېيتىپ بولغىلى بولمايدىغان ئالاھىدە تەسىس قىلىنغان ئورۇنلار قوشۇلىدۇ. قاتلاممۇقاتلام يىغىن ئېچىپ روھىنى يەتكۈزۈپ، دەرىجىمۇدەرىجە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ھۆججەت چۈشۈرۈپ، مەركىزىي تارماقلار يىغىلىشىدا يىغىن ئاچسا بۇنىڭ روھى ھەر قايسى ئاھالىلەر كومىتېتى، كەنت، گۇرۇپپىلارغا شۇنداقلا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىغا يەتكۈزۈلۈپ بولغۇچە يىلنىڭ ئوتتۇرىمۇ ئۆتۈپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەنە خۇلاسىلەش، دوكلات قىلىش تەييارلىقى باشلىنىدۇ. بىر يىغىننىڭ «روھى»نى يەتكۈزۈشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ يەنە بىر يىغىننىڭ «روھى» يېتىپ كېلىدۇ. ئاساسىي قاتلامنىڭمۇ بۇنىڭغا ئامالى بار. ئۇلار بىر نەچچە يىغىننىڭ ھۆججەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرىم كۈندىلا يەتكۈزۈپ بولىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي تۈردىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە يىغىنچاقلاش، ئۈزلەشتۈرۈشتۇر. بىر ئورۇننىڭ رەھبىرى يىلدا ۋاقتىنىڭ 40% ىنى سەرپ قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقنىڭ يىغىنىغا قاتناشسا 40% ۋاقتىدا ئۆز قارىمىقىدا يىغىن ئاچىدۇ. ئېشىپ قالغان 20% ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ھازىر نېمە ئۈچۈن مۇئاۋىن ئەمەل كۆپىيىپ كەتتى؟ يىغىننىڭ كۆپ بولۇشى بۇنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. بىر مۇئاۋىن شەھەر باشلىقىنىڭ ھەر ئايدىكى يىغىنغا قاتنىشىش ۋاقتى خىزمەت ۋاقتىنىڭ 70% ىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 1/3 يىغىن قاتناشمىسىمۇ بولىدىغان يىغىن ئىكەن.

***(«جۇمھۇرىيەتنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئۆزگىرىشى» ناملىق كىتابتىن)***

***يەن شۈلىن تەرجىمىسى***

## دۆلەت كارخانىلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشىنى نازارەت قىلىش زۆرۈر

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئولتۇراق ئۆي تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ماددىي بۇيۇم سۈپىتىدە تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن پۇل سۈپىتىدە تەقسىملەش تۈزۈمىگە ئۆزگەردى. ۋاھالەنكى، بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى تەلەپ بويىچە ئۆزلىرى چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغان بىر قىسىم ئۆي سېتىۋېلىش پۇلىنى تۆلىمەي، پۈتۈنلەي كارخانىنىڭ پۇلىغا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆي سېتىۋالماقتا. شاڭخەي شەھىرى خوڭكو رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، بۇلتۇردىن بۇيان ئۇلار قوبۇل قىلغان بۇ تۈردىكى دېلو تېز سۈرئەتتە ئۆرلىگەن بولۇپ، 14.6% نى ئىگىلىگەن. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشىدا چەكلىمە كەمچىل بولغاچقا، ئاسانلا خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش كېلىپ چىقىدىكەن.

تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىپ ئۆي سېتىۋېلىپ كوللېكتىپ مەبلىغىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئامال بولمىغان. شۇڭا، مۇناسىپ ھالدىكى نازارەت قىلىپ چەكلەش تەدبىرىنى قوللىنىش ناھايىتى زۆرۈر.

***(«تەپتىش گېزىتى» دىن)***

***يەن شۈلىن تەرجىمىسى***

## جۇڭگونىڭ خەلقئارادىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدىن بېرى، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ئۇدا يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ كۈندىن كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تاشقى سودا تېز كېڭەيدى. چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش مىقدارى كۆپەيدى. دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. جۇڭگو بىلەن دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، خەلقئارادىكى ئورنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

△ جۇڭگونى دۇنيادىكى ئاساسلىق ئەللەر ھەم رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئېشىش نىسبىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 1979 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.8% ئېشىپ، ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى.

△ جۇڭگونىڭ دانلىق زىرائەت، پاختا، قىچا، گۆش، پولات، كۆمۈر، رەخت، سېمونت، تېلېۋىزور قاتارلىق ئاساسلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

△ جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى دۇنيا بويىچە يەتتىنچى ئورۇننى (1997 ـ يىل) ئىگىلەيدۇ.

△ تاشقى سودىدا دۇنيا بويىچە ئەسلىدىكى 27 ـ ئورۇندىن (1997 ـ يىل) 10 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

(«نۇر گېزىتى» دىن)

يەن شۇلىن تەرجىمىسى

## قايسى خىل كەسىپنىڭ روھى بۇزۇكى ئېغىر

پسىخولوگلار ئۇزاق مۇددەت، كۆپ مىقداردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ خىزمەت جىددىيلىكىنى ئون دەرىجىگە ئايرىپ (دەرىجە سانى قانچە چوڭ بولسا شۇنچە جىددىيلىشىدۇ) چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە: كان ئىشچىلىرى ـ 8.3 دەرىجە؛ قوغدىغۇچى خادىم ـ 7.7 دەرىجە؛ ئۇچقۇچى، پورت يول باشلىغۇچىسى، مۇخبىر ـ 7.5 دەرىجە؛ ساقچى، ئېغىر بوشلۇقى كېسەللىكلىرى دوختۇرى ـ 7.3 دەرىجە؛ ئارتىست ـ 7.2 دەرىجە؛ كىرا ئاپتوموبىل شوپۇرى، دوختۇر ـ 6.8 دەرىجە؛ كىنو رېژىسسورى ـ 6.6 دەرىجە؛ ئاكوشېر ـ 6.5 دەرىجە؛ ناخشىچى، مۇزىكانت ـ 6.4 دەرىجە؛ ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى ـ 6.3 دەرىجە؛ ئوقۇتقۇچى ـ 6.2؛ پەركازچىك، بېلەت ساتقۇچى ـ 5.7 دەرىجە؛ ئاپتوبۇس ۋە پويىز شوپۇرى ـ 5.5 دەرىجە؛ دىپلومات، دېھقان ـ 8 .4 دەرىجە؛ بوغالتىر، ئىنژېنېر، ساتىراچ، ئادۋوكات ـ 4.3 دەرىجە؛ رەسسام، كاتىپ ـ 4.2 دەرىجە، پوچتالىيون، ئىنژېنېر ـ 4 دەرىجە، كومپيۇتېر پروگراممىلىرىنى تۈزگۈچى، بانكا خىزمەتچىسى ـ 3.7 دەرىجە؛ مۇزېي خىزمەتچىسى ـ 2.8 دەرىجە؛ ئاممىۋى كۈتۈپخانا خادىمى ـ 2 دەرىجە ئىكەن.

(«تەرمىلەر ھەپتىلىك گېزىتى» دىن)

قەييۇم ئابدۇللا تەرجىمىسى

## كىشىنى چۆچۈتىدىغان «كېچە نۇرۇزگۈلى ھەرىكىتى»

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيە ۋاكالەتنامى «كېچە نۇرۇزگۈلى ھەرىكىتى» دېپ ئاتالغان بىر جىنايەتلىك پىلاننى تۈزگەن. بۇ پىلانغا ئاساسەن ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالفورنىيە ھاۋا بوشلۇقىغا ئۇچۇپ كېلىپ، «چۇما» ۋىرۇسىنى ئامېرىكىنىڭ كەڭ زېمىنىغا چېچىۋەتمەكچى بولغان. ئۇچقۇچىلار بۇ كۈنى ئالخىشمى نەچچە مىليون ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان بۈرگىلەرنى سان ـ دېسېنگوغا قويۇپ بېرىپ، ئامېرىكىلىقلارنى «چۇما» بىلەن يۇقۇملاندۇرماقچى بولغان. بۇ كۈندىن بىر قانچە ئاي ئىلگىرى ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ خىروسىما ۋە ناگاساكى ئارىلىغا ئاتوم بومبىسى تاشلىغاچقا، ياپونىيە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولغان. «كېچە نۇرۇزگۈلى ھەرىكىتى» ئەمەلگە ئاشمىغان.

(«پارتىيە تارىخى ئۇچۇرلىرى گېزىتى» دىن)

قەييۇم ئابدۇللا تەرجىمىسى

# ۋەتەن ھەققىدە قوشاقلار

بېلىق ئوينار ئۆستەڭدە،
بۇلبۇل سايرار گۈلشەندە.
ھەر مىللەت ئىناق بولغاچ،
شاد ياشايمىز ۋەتەندە.

ئۆستى سۆگەت، سوۋادان،
يول بويىدا، قىر ـ رەتتە.
گۈللىتىمىز ۋەتەننى،
بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە.

دەريا سۈيى ئاقىدۇ،
ئۈنچە چېچىپ، شاۋقۇنلۇق.
ھۆر ۋەتەنگە يۈرەكتە،
مېھرىمىز بار يالقۇنلۇق.

ئىناق ئۆتكەچ ھەر مىللەت،
كۆڭلىمىز شاد، شۇنچە توق.
ئانا ۋەتەن گۈلزاردا،
بۆلگۈنچىگە ئورۇن يوق.

كېۋەز تېرىساق قورلاپ،
ئۈنۈپ چىقتى قاتارى.
ئانا ۋەتەن باغرىدا،
كۈلدى ئەلنىڭ باھارى.

پارتىيىگە ئەگىشىپ
غەلبىسىرى ئۆرلەيمىز.
جىمى مىللەت كۈچ قېتىپ،
ھۆر ۋەتەننى گۈللەيمىز.

گۈللەر خۇشبۇي ئېچىلار،
كۈن نۇرىغا تويۇنغاچ.
ياشاش ئۈچۈن ۋەتەندە،
مۇقىملىققا ئەل مۇھتاج.

تاۋۇز تېرىسام قومغا،
ئۇخشاپ كەتتى كارامەت.
ئانا ۋەتەن مېھرىگە،
ئاشتى دىلدا ھارارەت.

ئىشتىن قايتىپ كەچقۇرۇن،
كۆرىمىز شاد تېلېۋىزور.
ئانا ۋەتەن گۈلزاردا،
يايرىدۇق بىز بەھوزۇر.

گۈللەپ كەتسۇن ئىناقلىق،
قورۇپ كەتسۇن يىراقلىق.
بارچە مىللەت ياشايلى،
ھۆر ۋەتەندە چىرايلىق.

**گەھمەدجان تاشتۆمۈر توپلىغان**

# ئىككى شېئىر


باتۇرجان ئاتىخان

## كۈز باھرقى

ئالتۇندىن گىرىم قىلىپ يوزۇڭلەرگە
بەئەينى ئالتۇن كەبى چاقنىدىڭلار.
تەلمۈرۈپ دەرەخ ئانا كۆزۈڭلەرگە
بەختىڭلار ئۈچۈن چەكسىز دۇئا قىلار.

كەچ كۈزنىڭ غۇر ـ غۇر ئۇچقان شامىلىدا،
بەس ـ بەستە شوخ ئۇسۇلغا چۈشسىلەر.
بىر لىرىك كۈي بار ئىكەن مۇزىكىدا،
بىلدىمكى، شۇنچە تاتلىق كۈلسىلەر.

باش قويۇپ ئانا تۇپراق تەكىيگە،
شاد لەيلەپ ئۇندا بىردەم ئىلىڭلار دەم.
دىل بېرىپ يىلتىزلارنىڭ سۆيگۈسىگە،
ھامىلە كۆتۈرۈڭلار ئەتىگە ھەم.



## كەچ كۈزنىڭ غۇر ـ غۇر ئۇچقان شامىلىدا

سەھرانىڭ سوۋۇماقتا ئىسسىق تېنى،
كەچ كۈزنىڭ غۇر ـ غۇر ئۇچقان شامىلىدا.
ئىگىشىپ ئويان ـ بۇيان بەللىرىنى،
دەرەخلەر پىچىرلىشار ساھىلىدا.

يېشىللىق قەسرىدىن ئۆچكەن چىراغ،
سۇر رەڭدە كۆرىنىدۇ ئەتراپۇ جاي.
ئىت ھاۋشىپ، مەرىشىدۇ قوزا ـ ئوغلاق،
شۇ تۇتاش ئېتىزلاردا چېپىپ تىنماي.

قۇشلارغا پاناھگاھ بوپ كونا خامان،
قېپقالغان دانلىرىدىن سۇنار نېمەت.
توگورمەن بوغوزىدا ئۇۋايدۇ دان،
ئۇچۇشار ئۆگزىلەردىن چاۋار ـ ئەخلەت.

يوزلەرگە ئورۇلىدۇ سوغۇق ئېقىم،
«تېز بولغىن پوپايكاڭنى كىي» دېگەندەك.
سەھەرلەر قىرو چاپاپ ئۇخلايدۇ جىم،
ئېھ غۇر ـ غۇر شامال بۇندىن چېكىنگەندەك...

# ئىككى شېئىر

تۇرغۇنجان ئابلا تېرىمى

## بايلىقىڭ شۇ - شېئىرلىرىڭ بار

(بىر قىز تىلىدىن)

«مال - بىساتىمىز» يىگىت دېمەيمەن،
بولسا بولدى يۈرىكىڭ قىزغىن.
ئەل ئىشقىنى ھامانە چوڭ بىل،
يالتايمىغىن ئەبەدى ئۇندىن.

مەن بىلىمەن شائىرلىق كوچاڭ،
ئازابلارغا تولغان لىپمۇ - لىق.
شائىر دېگەن ھەرقانداق جايدا،
خەلقى ئۈچۈن ئىزدەيدۇ شادلىق.


گاھى تۆھمەت، گاھى شۇمبۇيا،
ئۇچراپ تۇرار شائىرغا رەت - رەت.
چۈنكى شائىر سۆزلەيدۇ ھەقنى.
ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ پەقەت.

ئەلنى دېگىن، ئەل ئۈچۈن ياشاپ،
گاداي ئۆتكىن، مەيلى بولۇپ خار.
مەن سۆيىمەن سېنى باي كەبى،
بايلىقىڭ شۇ - شېئىرلىرىڭ بار ...

## سۆيگۈنۈمگە

كۈندە نەچچە ياسىنىپ نىگار،
كۆز ئالدىمدا بولسەن زاھىر.
بىلىپ يەتسەم، بۇ ئۇسۇل بىلەن،
ئالماقچىسەن كۆڭلۈمنى ھازىر.

مېنى راستىن سۆيمەكچى بولساڭ،
زىننەتلىگىن قەلبىڭنى پەقەت.
سەن شۇندىلا مېنىڭ مەھبۇبەم،
سۆيۈپ ئۆتەي ئەبەدىل - ئەبەد.






سۈرەتتە يىغىندا مۇكاپات تارقاتماقتا.



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى فېڭزى يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.


## «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 99 - يىللىق تەشۋىق قىلىش - تارقىتىش ۋە بۇ ژۇرنالنىڭ قازاقچىسىنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى غۇلجىدا ئېچىلدى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى ئوبلاست، شەھەرلەردىن كەلگەن «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش پونكىتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە 80 نەچچە ناھىيە (شەھەر) دىكى تارقاتقۇچى خادىملار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپ، ئىلغارلار مۇكاپاتلاندى، خەلق قۇرۇلتىيى ژۇرنىلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، ژۇرنال سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تارقىتىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى چۆرىدىگەن ئاساستا قىزغىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى.

ۋاڭ شىنپىڭ فوتوسى



ئىدارە رەھبەرلىرى گۇرۇپپا يىغىنىدا جايلاردىن كەلگەن ۋەكىللەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلىدى.



ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ۋەكىللىرى گۇرۇپپا يىغىنىدا سۆز قىلدى.



ئاقسۇ ۋەكىلى سۆز قىلماقتا.



جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەردىن كەلگەن ۋەكىللەر پىكىرلىرىنى ئاڭلىماقتا.

